# پەيغەمبەرنى ئۆگىنىمەن





# تەقدىم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

قەدىرلىك باللار! ياخشىمۇ سىلەر؟

پەيغەمبىرىمىزنى تونۇش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھاياتىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدا بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۆرنەكلەر بار. بۇ كىتابتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆرنەك ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غەيرەتلىرىنى ئوقۇيسىلەر.

پەيغەمبىرىمىز ئالدى بىلەن بىر دادا ئىدى. باللارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ئايالىنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئايالىنىڭ ھەممە ئىشلىرىدا ياردەملىشەتتى. دوستلىرى ئۇنىڭغا ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىشەنچ قىلاتتى.

پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنى ياخشىلىق، گۈزەللىك، راستچىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق بولۇشقا ۋە باشقا ئىنسانلارغا ياردەم قىلىشقا چاقىردى. يالغان سۆزلەشتىن، ئوغرىلىق قىلىشتىن، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن، مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى (ھاراق) ئىچىشتىن، قىمار ئويناشتىن، باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن ۋە مۇھتىنى بۇلغاشتىن چەكلىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى. ئاچ ۋە سۇسىز قالدى، يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىندى، ئۇرۇشلاردا يارىلاندى، ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى. لېكىن پەيغەمبىرىمىز بۇ ئېغىر قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تىز پۈكمىدى، ئىرادە ۋە غايىسىدىن ۋاز كەچمىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر ئىدى.

قەدىرلىك باللار! دىنىمىز ئىسلام، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئانى كەرىمدۇر. بىز ئاللاھقا ئىشىنىپ، پەيغەمبىرىمىزنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ قوبۇل قىلىپ، مۇقەددەس كىتابىمىزنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلىساق بەختلىك بولىمىز ۋە پۈتكۈل ئىشلىرىمىزدا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىمىز.

شۇڭا، پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى تونۇشىمىز، ئۇنى ياخشى كۆرۈشىمىز ۋە ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم. بۇ كىتاب بۇ ھەقتە سىزلەرگە ياردەمچى بولۇش مەقسىتىدە تەييارلاندى.

**تۈركىيە باش مىنىستىرلىك دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى**


**پەيغەمبىرىمنى ئۆگىنىمەن**

(دىن مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاق دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر ھەيئەت تەرىپىدىن تەييارلاندى)

**مەسلەھەتچىلەر ھەيئىتى:**
ئىبراھىم سارىچام
سەۋگى قارابۇلۇت
سۇئاۋى كەمال يازگىچ

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**
دىلئارا قادىر

**رەسىم كىرىشتۈرگۈچى:**
داغىستان چەتىنكايا

**نەشرىيات مەسئۇلى:**
مەھمەت ئەردوغان

**رىياسەتچى:**
ئۆمەر مەنەكشە

**2009 ــ ئەنقەرە**

ISBN: 975-19-3707-8



**ئالاقىلىشىش ئادرىسى:**
Eskişehir yolu 9. km.
Çankaya / ANKARA
Tel: (+90 312) 295 72 94
Faks: (+90 312) 284 72 88

**تور ئادرىسى:**
www.diyanet.gov.tr

**ئېلخەت:**
diniyayinlar@diyanet.gov.tr

# پەيغەمبەرنى ئۆگىنەي

دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى نەشرىياتى

ئەنقەرە
2009

# مۇندەرىجە


## بىرىنچى باپ: يېتىم مۇھەممەد

ھەممە ئادەم ئۇنى كۈتۈۋاتاتتى ..... 9
مۇبارەك بىر بوۋاق دۇنياغا كەلدى ..... 11
ئانىسىدىن ئايرىلىشى ۋە مۇساپىرچىلىق ھاياتى ..... 13
ئانىسىنىڭ ئاخىرقى سۆيۈشى ..... 16
بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب ..... 17
تاغىسى ئەبۇ تالىب ..... 18

## ئىككىنچى باپ: ياش مۇھەممەد

ناھەقچىلىققا قارشى تۇرۇشتا ھەمكارلىشىشى ..... 21
ئۆيلىنىشى ..... 23
نەمۇنە ئەر ۋە نەمۇنە ئاتا ..... 25
ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى ..... 28

## ئۈچىنچى باپ: ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى ..... 31
سىردىشى خەدىچە ..... 33
چاقىرىق يېيىلماقتا ..... 35
ئەرقەمنىڭ ئۆيى ..... 36
ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىكنىڭ باشلىنىشى ..... 39
قايغۇ يىلى ..... 41
يېڭى ماكان ئىزدەش ..... 41
ھەبەشىستان ..... 41
تائىف ..... 44
ئەقەبە ـ مەدىنىگە بارىدىغان يول ..... 45

## تۆتىنچى باپ: مەدىنىگە ھىجرەت

قايتىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز ..... 49
ھەممە ئادەم ئۇنى كۈتۈۋاتاتتى ..... 51



## بەشىنچى باپ: مەدىنە: بىر مەدەنىيەت شەھرى


بىر مەدەنىيەت بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ ........ 55
مەسجىد ........ 55
ئەزان ........ 56
ئۇلتۇراق يېرى ........ 56
قېرىنداشلىق ........ 57
بىرلىكتە ياشاش ........ 57
ھەممە ئادەم مەكتەپلىك بولدى ........ 59
رامىزان ........ 59
دۈشمەنلىك داۋام قىلىۋاتىدۇ ........ 60
بۇرۇلۇش نوقتىسى: بەدىر ئۇرۇشى ........ 61
ئاچچىق-ساۋاق: ئۇھۇد ........ 63
ھەرخىل سۈيىقەستلەر ........ 65
مۈشكۈل ئىمتىھان: خەندەك ........ 66


## ئالتىنچى باپ: يۇرتىغا قايتىش


ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ........ 69
نىشان: پۈتۈن دۇنيا ........ 71
مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ۋە يۇرتىغا قايتىش ........ 72


## يەتتىنچى باپ: ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يىغلىدى


ۋىدا ھەججى ۋە ۋىدا خۇتبىسى ........ 75
ۋىدالىشىش ........ 76
ئايرىلىش: ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يىغلىدى ........ 77
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر ........ 79



# بىرىنچى باب

# پەيغەمبەر مۇھەممەد

## ھەممە ئادەم ئۇنى كۈتتۈۋاتاتتى

ئەرەبىستاندا ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە جاھىلىيەت دەۋرى دېيىلەتتى. بۇ دەۋردە ئىنسانلار ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئاجىز، يوقسۇللار قۇل قىلىنىپ، جەمىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلاتتى. ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - خوشنا مۇناسىۋەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىلمەيتتى. ئىنسانلار بىر - بىرىگە ئىشەنمەيتتى. ئاياللار كەمسىتىلەتتى، قىز بالىلار تىرىك تۇپراققا كۆمۈلەتتى. ئىنسانلار بۇتلارغا ۋە ھەرخىل خۇراپىي ئەقىدىلەرگە ئىشىنەتتى. ئۇ دەۋردە ياشىغان ئىككى كىشى بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن:

«بىز بىلىمسىزلىك ۋە جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن ئىدۇق. بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئەخلاقسىزلىق قىلاتتۇق. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلاتتۇق. قوشنىدارچىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيتتۇق. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتۇق. بۇتلارغا چوقۇنۇپ، قىز بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرەتتۇق. مېنىڭ بىر قىزىم بار ئىدى. چاقىرغان ۋاقتىمدا يۈگرەپ يېنىمغا كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇنى يېنىمغا چاقىردىم. قىزىم يېنىمغا كەلدى. قىزىمنى ئېلىپ ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى قۇدۇققا ئاپاردىم ۋە قولىدىن تۇتۇپ قۇدۇققا تاشلىدىم.

قىزىمنىڭ «دادا!» دېگەن پەرياتلىق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بۇ پەريات ئاۋازى ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمىدى.

ئەخلاقسىز قىلمىشلار بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئىنسانلار يەنە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئاللاھنىڭ ئۆيى كەبە بۇتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئىنسانلار قۇل قىلىناتتى، بازارلاردا نەرسە-كېرەك ئورنىدا ئېلىپ سېتىلاتتى. ئىنساننىڭ ھەر قانداق بىر قىممىتى يوق ئىدى. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى. ناھەقچىلىققا ئۇچرىغانلار ئۆز ھەققىنى ئېلىپ بېرىدىغان يەر تاپالمايتتى. ئەسكىلىك قىلغانلار ئەسكىلىكنى داۋام قىلىۋېرەتتى.

ئىنسانلار ھاراقنى سۇدەك ئىچەتتى، ئاياللار بىلەن ئەخلاقسىزلىق قىلاتتى. تاڭ ئاتقىچە قىمار ئوينايتتى. بەزى ئىنسانلارنىڭ بۇ ئەخلاقسىزلىقلاردىن كۆڭلى بىئارام بولاتتى. ئەمما قولىدىن بىر نەرسە كەلمەيتتى. چۈنكى بۇنداق ئادەملەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇ ئاز ساندىكى ئىنسانلارنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى. ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان بىرسىنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە بۇ ئىنسانلار ئۈمىدىنى ھەر ۋاقىت يوقاتماي كەلدى. ئاللاھ ئىلگىرىكى دەۋرلەرىكى ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتكىنىدەك، بىزگىمۇ پەيغەمبەر ئەۋەتەرمۇ؟ دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قوياتتى.

ھەممە ئادەم بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا قىزىقاتتى. بۇرۇنقى دەۋرلەردىمۇ بۇ خىل سوئاللار بولغان ئىدى. ھەر دەۋردە ئاللاھ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن. ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر توغرا يولنى كۆرسەتكەندە ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، بەزىلىرى ئۇنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

مەسىلەن: نۇھ، ھۇد، سالىھ (ئاللاھنىڭ ھەممىسىگە سالامى بولسۇن) پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ئىدى. جەمىيەتتىكى ئىنسانلار مەككە خەلقىگە

ئوخشاش توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلار ئۇنى ئوتقا تاشلىماقچى بولدى. ئەمما ئاللاھ ئۇنى ئوتتىن ساقلاپ قالدى.

ئاللاھ بەزى پەيغەمبەرلەرگە كىتاب چۈشۈردى. پەيغەمبەرلەر بۇ كىتابلار بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلدى. ئاللاھ پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات، پەيغەمبەر داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا زەبۇر، پەيغەمبەر ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىلنى چۈشۈردى. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى دۇرۇستلۇققا، ياخشىلىققا ۋە گۈزەللىككە چاقىردى.

## مۇبارەك بىر بوۋاق دۇنياغا كەلدى

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب بىر نەۋرە كۈتۈۋاتاتتى، بىر خوشخەۋەرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. بەلكى ھازىرلا بىر خوشخەۋەر كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئويلاپ، يۈزىنى كەبە تەرەپكە بۇرىدى. كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى ئەسلىدى.

مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلدى.

كەبىنى يىقىش ئۈچۈن كەلگەن يەمەن ۋالىسى ئەبرەھە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى، ئۇنىڭ تۆگىلىرىنى گۆرەگە ئېلىشى قاتارلىق ۋەقەلەر كۆز ئالدىغا كەلدى. ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبنى كەبىنى يىقماسلىق ئۈچۈن ئۆزىگە يالۋۇرىدۇ دەپ ئويلىغانىدا، ئابدۇلمۇتتەلىب ئەكسىچە: «مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى (ماڭا تۆگىلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن)، ئۇنى قوغداش مەسئۇلىيىتىم



بار. كەبىنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر، ئۇنى ئاللاھ قوغدايدۇ.»
دېگەن ئىدى.

دېگەندەكلا، ئاللاھ كەبىنى ئۆزى قوغدىدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتتەلىب ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ بۈيۈكلىگىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب ئۆز-ئۆزىگە: «ئاھ ئوغلۇم ئابدۇللاھ!» دېدى. ئەمما گەپ قىلمىدى، يۈرىكىنى غەم-قايغۇ قاپلىدى. ئاسان ئەمەس ئىدى. ئوغلى ئابدۇللاھنى ئامىنە بىلەن ئۆيلەندۈرگەندىن كېيىن، ئوغلى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋاپات بولغان ئىدى. ئەمدىلىكتە ھاياجان بىلەن نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇ ئەسنادا بىرسى يۈگۈرۈپ كەلدى.

- خوشخەۋەر ئابدۇلمۇتتەلىب! بىر نەۋرەڭ دۇنياغا كەلدى.
- دېدى. ئابدۇلمۇتتەلىب يۈرىكىنىڭ تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلدى. ئۇ تېزلىكتە ئۆيگە كەلدى. ئۆيگە كىرگەندە مۇبارەك بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى. يۈرىكىنى

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ كەبىنى چېقىشقا كەلگەن پىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قىززىق تاشلارنى ئاتىدىغان توپ-توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. ئاخىرىدا ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بۇغداي ئېتىزىغا ئوخشۇتۇپ قويدى.»
(پىل سۈرىسى، 1-5-ئايەت)

«ئۇ سېنى يېتىمكەن دەپ پەرۋىش قىلمىدىمۇ؟»
(زۇھا سۈرىسى، 6-ئايەت)

قايغۇ ئارىلاش بىر خۇشاللىق قاپلىدى. ئۇنى سۆيۈپ پۇرىغاندا ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ پۇرىقىنى ھېس قىلدى. ھاياجاندا يىغلىدى، ئەمما كۆز-ياشلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى خالىماي يۈرىكىگە ئېقىتتى. ئامىنىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭدىن:

- بالىنىڭ ئىسمىنى نېمە قويدىڭىز؟ - دەپ سورىدى. ئامىنە:

- مۇھەممەد. - دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇلمۇتتەلىب بىر ئاز ئويلاندى. چۈنكى بۇ ئىسىم ئائىلىسىگە يات ئىدى. ئامىنە چۈشىدە بىرسىنىڭ: «سېنىڭ بىر ئوغلۇڭ دۇنياغا كېلىدۇ، ئىسمىنى مۇھەممەد قويغىن.» دېگەنلىكىنى ئېيتتى. ئابدۇلمۇتتەلىب بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېتىم نەۋرىسىگە «مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويدى. كېيىن ئابدۇلمۇتتەلىب نەۋرىسىنى ئېلىپ كەبىگە باردى. قوللىرىنى ئېچىپ ئۆزىگە بىر نەۋرە ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلدى. «نېمىشقا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويدۇڭ؟» دەپ سورىغانلارغا: «ئاللاھ ۋە ئىنسانلار ئۇنى ماختىسۇن دەپ مۇشۇ ئىسمىنى قويدۇم.» دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇلمۇتتەلىب كەبىدىن ئۆيىگە قايتقان ۋاقىتتا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆرۈش ئۈچۈن ئايالى ۋە ئوغلى ئابباسنىڭ ئامىنىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئابباس ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىدى. ئادەتكە ئاساسەن، ئۇ بوۋاقنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەيرانلىق ئىچىدە كىچىك قوللىرى بىلەن بوۋاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، يۈزىنى سىلىدى. بۆشىكىگە ئېگىلىپ ئۇنى سۆيدى.

## ئانىسىدىن ئايرىلىشى ۋە مۇساپىرلىق ھاياتى

مەككىنىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن بوۋاقنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مەككىدىكى كۆپلىگەن ئائىلىلەر يېڭى تۇغۇلغان



بوۋاقلىرىنى ساغلام چوڭ بولىشى ئۈچۈن يېزىلاردىكى سۈت ئانىلارغا ئاپىرىپ بېرەتتى. بوۋاق بېقىپ بېرىش يېزىدىكىلەر ئۈچۈن كىرىم مەنبەسى ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگىلى بىر ھەپتە بولغان ئىدى. ئامىنە بۇ ئەنئەنىگە ئاساسەن، ئوغلىنى باقىدىغان سۈت ئانا ئىزدىدى. ئەمما سۈت ئانىلار بىر تۇل ئايالنىڭ ئوغلىنى بېقىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇلار ئارزۇ قىلغان ئىش ھەققىنى ئالالمايمىز دەپ ئويلايتتى.

بوۋا ئابدۇلمۇتتەلىبمۇ سۈت ئانا ئىزدەۋاتاتتى. نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما ئارزۇ قىلغان سۈت ئانىنى تاپالمىدى. ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىگەندىن كېيىن ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن:

- يېتىم نەۋرەمگە سۈت ئانا بولامسىز؟- دەپ سورىدى. ھەلىمە بىر ئاز تۇردى. بىر يېتىم بالىغا قاراشنى بەك خالىمايتتى. ھالبۇكى، ئۇ كۆنى سۈت ئانىلىق قىلىدىغان بىرمۇ بوۋاق تاپالمىغان ئىدى. يولدىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ھەلىمە مۇھەممەدنى ئېلىپ قايتىش

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ھەلىمە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ھەلىمەنى كۆرگەندە: «ھۆرمەتلىك ئانام» دەپ خىتاب قىلدى. سۈت ئانىسىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ئوبدان مېھمان قىلىپ، بىرەر ئېھتىياجىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىدى. ھەلىمە يېزىدا ئاچارچىلىق ۋە قۇرغاقچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا قىرىق قوي ۋە بىر تۆگە ھەدىيە قىلدى.



تەييارلىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يولغا چىقتى. ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن يېزىسىغا يېتىپ كەلدى.

مۇھەممەد يېڭى ئائىلىسىدە ئۆسۈپ-يېتىلىشكە باشلىدى. سۈت قېرىنداشلىرى شەيما ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن بىرگە چوڭ بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېزىدا يۈگرەپ ئوينىغاچ قوي باقتى ۋە خۇشاللىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزدى. ھەلىمە ۋە يولدىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى يېزىغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ھېس قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كېلىشى ئائىلىگە خۇشاللىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغان ئىدى.

كۈنىنىڭ تىزلىكتە ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، كىچىك مۇھەممەد ئۆسۈپ-يېتىلىپ بەش ياشقا كىردى. ئەمدى ئۇنىڭ ئانىسى ئامىنىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىش ۋاقتى كەلگەن ئىدى. ئەمما ھەلىمە ۋە ئائىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. ھەلىمە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئانىسى ئامىنىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتتا كۆز- ياشلىرىنى تۇتالمىدى. خۇددى ئۆز ئەۋلادىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانىغا ئوخشاش، كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. مەككىدىن كۆڭلى يېرىم ئايرىلىپ ئۆيىگە قايتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئانىسى بىلەن جەم بولۇپ، مەككىگە (دادىسىنىڭ ئۆيىگە) ئاستا- ئاستا كۆنۈشكە باشلىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىلىرى مەدىنىدە ئولتۇراتتى. ئامىنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاغىلىرىنىڭ يېنىدا بىر مۇددەت تۇرسۇن دەپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئىنىك ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەنمۇ بىرلىكتە ئىدى. مەدىنىدە بىر ئاي تۇردى. بىر ئايدىن كېيىن مەككىگە قايتىش سەپىرىدە ئەبۋا دېگەن يېزىغا كەلگەن ۋاقىتتا ئامىنە كېسەل بولۇپ قالدى.

## ئامىنىنىڭ ئاخىرقى سۆيۈشى

ئۇممۇ ئەيمەن مەككىگە كېلىپ ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئىزدىدى. بەش كۈنلۈك مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن مەككىگە يېتىپ كەلدى. ئامىنەنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئابدۇلمۇتتەلىبكە قانداق دېسەم بولار؟ دەپ ئويلىدى. بۇ ئارادا كۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشتى. يېتىم مۇھەممەد ئەمدىلىكتە ئانىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئۇممۇ ئەيمەن ئابدۇلمۇتتەلىبنى كۆرگەندە كۆز- ياشلىرىنى تۇتالمىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب كېلىنى ئامىنەنىڭ كېسىلى بارلىقىنى بىلەتتى. مەدىنىگە كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئىدى. ئۇممۇ ئەيمەننىڭ يېنىدا ئامىنەنى كۆرەلمىگەچكە كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھىجرەتتىن كېيىن ئانىسى ئامىنەنىڭ قەبرىسىنى ئۆگشىدى. قەبرىسنى ئۆگشاۋېتىپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا: «ئانا ھەسرىتى مېنى يىغلاتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ كۆڭۈلسىز بىر ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇمmۇ ئەيمەن بېشىنى ئىگىپ تۇرۇپ: «ئامىنە ۋاپات بولدى.» دېدى. ئابدۇلمۇتتەلىب يۈرىكى پارە-پارە بولغان ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باغرىغا باستى. ئۇمmۇ ئەيمەن بولۇپ-ئۆتكەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. مەدىنىدىن مەككىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىنى، ئىككى كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن «ئەبۋا» دېگەن يەرگە كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردە ئامىنەنىڭ ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ، ۋىدالاشقاندىن كېيىن روھىنى ئاللاھقا تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتتى. كىچىك چېغىدىلا ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئۇيغۇن بىر ماكان لازىم ئىدى. يېتىم مۇھەممەدكە بۇندىن كېيىن چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب قارايدىغان بولدى.

## بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بوۋىسىدىن ھېچ ئايرىلماي ئىككى يىل بىرلىكتە ياشىدى. بوۋىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەممە يەرگە بىرگە ئېلىپ باردى. مەككىدە قۇرغاقچىلىق بولغان يىلى بوۋىسى ئۇنى يامغۇر تىلەش دۇئاسى قىلىشقا بىللە ئېلىپ چىقتى. ئۇ بولمىسا، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيتتى، بارغانلىكى يەردە ئۇنى تۆردە ئولتۇرغۇزاتتى. سەۋەبىنى سورىغانلارغا نەۋرىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مېھرى-شەپقەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ: «خۇدايىم بۇيرىسا ئۇ كەلگۈسىدە بەك كاتتا ئادەم بولىدۇ.» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

«ئابدۇلمۇتتەلىب ۋاپات بولدى» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۆيدىكىلەر يىغلاشقا باشلىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

ئىزدىگەن كۆزلەر، ئۇنىڭ بىر بولۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۇنىسىز يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ خەۋەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ھەممىدىن بىئارام قىلغان ئىدى. چۈنكى بوۋىسى ئۇنى ئۆز دادىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. بوۋىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمىغان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توختىماي يىغلاۋاتاتتى. توساتتىن بىر قول مۈرىسىنى تۇتتى. ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قارىغاندا تاغىسى ئەبۇ تالىبنى كۆردى. تاغىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «بوۋاڭ سېنى ماڭا ئامانەت قىلدى» دېدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى.

## تاغىسى ئەبۇ تالىب

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەردىن شامغا سەپەرگە چىقىلىدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ سەپەر بىر نەچچە ئاي داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. تاغىسىنىڭ يوقلۇقىدا مەككىدە يالغۇز قېلىشنى خالىمايتتى. تاغىسىغا شامغا بېرىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. تاغىسى سەپەرنىڭ ئۇزۇن ۋە مۇشكۈللۈكى سەۋەبىدىن ساقسىز بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى، بۇ سەۋەپتىن ئۇنى ئاپىرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يىغلىغان پېتى ئەبۇ تالىبنىڭ تۆگىسىنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ:

ـ تاغا! سەن كەتسەڭ مەن كىم بىلەن قالىمەن؟ ـ دېدى.

ئەبۇ تالىب جىيەنىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ:

ـ ماقۇل، سېنى بىرگە ئېلىپ بارىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز. ـ دېدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەبۇ تالىب جىيەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قەيەرگە بارسا بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئەبۇ تالىبنىڭ ئائىلىسىدە جان سانى كۆپ

كېيىنكى يىللاردا پەيغەمبىرىمىز يەڭگىسى پاتىمە (ئەسەدنىڭ قىزى) ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى. بۇ كۆڭۈل يېرىملىكىنى ئىپادىلەپ: «بۈگۈن ئانام ۋاپات بولدى» دەپ، كۆيىنىكىنى ئۇنىڭغا كېپەن قىلدى. يەڭگىسىگە قارىتا سۆيگۈسىنى سورىغانلارغا: «تاغام ئەبۇ تالىبتىن قالسا، ماڭا يەڭگەمدەك ياخشىلىق قىلغان باشقا ئادەم يوق، ئۇ مېنى ئۆز بالىسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى، ئۆز بالىلىرىدىن بۇرۇن مېنىڭ قارنىمنى تويغۇزۇپ، چېچىمنى تاراپ قوياتتى» دېدى.

ۋە ماددى ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. ئەبۇ تالىب ۋە ئايالى ئۆيدىكى قىيىنچىلىقلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسى ۋە يەڭگىسىگە ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملەشتى. بەزى كۈنلەردە ئۆي ئىشلىرىنى قىلدى، بەزى كۈنلەردە قوي باقتى. تاغىسىنىڭ ئايالى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز بالىلىرىدەك ياخشى كۆرۈپ مۇئامىلە قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى.



# ئىككىنچى باپ

# ياش مۇھەممەد

## ناھەقچىلىققا قارشى تۇرۇشتا ھەمكارلىششى

مەككىدە باي ۋە نوپۇزلۇق كىشلەر ھەمىشە كەمبەغەل ۋە ئاجىز كىشلەرنى بوزەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىۋالاتتى. بۇ زۇلۇم توختىتىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سەۋەپتىن مەككىلىك بىر قىسىم ياشلار بۇ مەقسەتتە بىر يەرگە يىغىلدى.

جۇدانىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئۆيىدە يىغىلغانلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ بار ئىدى. بۇ يەردە يىغىلغانلار جەمىيەتتىكى ئەخلاقسىزلىقلاردىن نارازى ئىدى. بۇ كىشلەر «پەزىلەتلىكلەر جەمىيتى» نامى ئاستىدا بىر كېلىشىم تۈزدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، مەككە خەلقىنىڭ ۋە سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ھەققىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ تەسلىكىنى بىلەتتى. ئەمما ئۈمىدسىز ئەمەسلىكىنى، ناھاقچىلىققا قارشى كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ۋاقىتتا زەيد قەبىلىسىدىن بىر سودىگەر سېتىش ئۈچۈن مەككىگە ئۈچ تۆگە مال ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر كىشلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ئەبۇ جەھىل بۇ ماللارنى ياقتۇرۇپ قالدى. مال ئىگىسىنىڭ مەككىلىك ئەمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ مالنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشقا

ئۇرۇندى. مالغا سودىگەر زىيان تارتىدىغان دەرىجىدە باھا قويىدى. سودىگەر بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەھىل مەككىدىكى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارغا تەھدىت قىلىپ، بۇ ماللارنىڭ سېتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. مەككىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەھىل مەغرۇرلۇق بىلەن ئۆيىگە قايتتى.

سودىگەر نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. چارىسىزلىكتە ئىچى پۇشۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، بىرىسى: «مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ھەققىڭنى ئېلىپ بېرىدۇ» دېدى. سودىگەر باشقا يول تاپالماي، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئېيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ بازارغا بېرىپ، سودىگەرنىڭ ماللىرىنى رازى بولىدىغان باھادا سېتىۋالدى. كېيىن ئەبۇ جەھىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكىنى قاتتىق قاقتى. ئەبۇ جەھىل ئىشىكنى ئېچىشىغا ئۇنى سودىگەرگە قىلغان قىلمىشى سەۋەبىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئەبۇ جەھىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق جەسۇرلۇقى ئالدىدا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار ھەيران قالدى.

كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان بۇ دەۋىردە يەمەنلىك بىر كىشى قىزىنى ئېلىپ، كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ئىدى. بۇ يەردە ناتونۇش بىر كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ ناتونۇش ئادەم قىزغا كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قارىدى، يامان نىيىتى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قىزنىڭ دادىسى بۇ ئەھۋالدىن ئەندىشە قىلىپ ئەتراپقا قارىدى. ياردەم قىلىدىغان بىرەر ئادەم ئىزدىدى. يامان نىيەتلىك ئادەم چارىسىز قالغان دادىغا قارىماي قىزنى

**ئەبۇ جەھىل**

ئەسلى ئىسمى ھىشام ئوغلى ئامىردۇر. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىدىن بىرى. ئىسلامغا قىلغان دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئەبۇ جەھىل ئىسمىنى قويغان. ئەبۇ جەھىل بىلىمسىزلەرنىڭ رەئىسى دېگەنلىك بولىدۇ.

دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى. قىزنىڭ دادىسى كۆچى يەتمەي: «قىزىمنى قۇتقۇزۇڭلار» دەپ، پەريات قىلدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر: «دەردىڭنى پەزىلەتلىكلەر جەمىيىتىگە دېگىن» دېدى.

بۇ ئادەم باشقا ئامال تاپالماي، كەبىگە يۈگرەپ كىلىپ: «پەزىلەتلىك جەمىيىتىدىن كىم بار؟» دەپ ۋاقىرىدى. يېنىغا قىلىچ ئاسقان بىر نەچچە ئادەم كەلدى. بۇ ئادەملەر: «ھەي بۇرادەر، نېمە دەردىڭ بار؟» دەپ سورىدى. ئادەم چارىسىزلىك ئىچىدە بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. قىلىچلىق كىشىلەر قىزنى دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ كەتكەن كىشىنىڭ نۇبەيھ ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭ بىلەن دەرھال نۇبەيھنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ غەزەپلەنگەن ھالدا:

– سېنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ سەن ئۆزەڭنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ بۇ ئادەمنىڭ قىزنى دەرھال قويۇپ بەر.

– دېدى. نۇبەيھ قىزنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلمىغاندا، قىلىچلىق ئادەملەر تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ:

– بىز زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىمىز دەپ ئۆزئارا ئەھدىلەشتۇق، بۇ ئەھدىمىزدىن قەتئىي يانمايمىز. قىزنى دەرھال دادىسىغا قايتۇرۇپ بەر! بولمىسا ئەدىۋىڭنى يەيسەن.

– دەپ ۋاقىرىدى. نۇبەيھ بۇ ئەھۋال ئالدىدا ئامالسىزلىقتىن قىزنى دادىسىغا قايتۇرۇپ بەردى.

## ئۆيلىنىشى

خەدىچە مەككىنىڭ ئاتاغلىق بايلىرىدىن بىرى بولۇپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. خەدىچە تىجارەت ئىشلىرىنى يالغۇز قىلىپ بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىشلىرىغا

ياردەملىشىدىغان ئىنشەنچلىك بىر ئادەمگە ئېھتىياج ھېس قىلدى. ئىنسانلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قالمىغان بىر دەۋىردە، بىر ئايال كىشىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى خاتىرجەم ئېلىپ بېرىشى كۆندىن ـ كۈنگە تەسلىشىۋاتقان ئىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن مۇھەممەدنى ئويلىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ۋە دۇرۇست ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن تىجارەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئويلىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەدىچىدىن كەلگەن بۇ تەكلىپنى چوڭقۇر ئويلىغاندىن كېيىن قوبۇل قىلدى. خەدىچىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈستىگە ئالدى.

*****

شامغا بارىدىغان كارۋاننىڭ تەييارلىقى پۈتۈش ئالدىدا ئىدى. خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەملىشىش ۋە ئۇنى ياخشى چۈشىنىپ كېلىش ئۈچۈن، ياردەمچىسى مەيسەرەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قوشۇپ قويىدى. كارۋان ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن شامغا كەلدى ۋە ماللارنى ساتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سېتىلغان ماللاردىن كۆپ پايدا ئالدى. سېتىش ئۈچۈن يىغى مال ئېلىپ مەككىگە قايتتى. مەيسەرە سەپەر جەريانىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يېقىندىن تونىدى ۋە گۈزەل ئەخلاقىدىن كۆپ تەسىرلەندى. مەيسەرە بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى خەدىچىگە سۆزلەپ بەردى.

# نەمۇنە ئەر ۋە نەمۇنە ئاتا

خەدىچىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇرۇستلۇقى ھەققىدە ھېچ شۈبھىسى قالمىدى. چۈنكى ئۇ مەسئۇللۇقنى ئۈستىگە ئالغان تۇنجى تىجارەتتە، كارۋاننى ساق-سالامەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرلىكتە كۆپ مىقداردا پايدا تاپقان ئىدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ماختايتتى. دۇرۇستلۇقى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ شەك-شۈبھىسى قالمىغان ئىدى.

خەدىچە ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بىر تۇل ئايال ئىدى. ئەمما ھازىرغىچە تۇل ياشاپ، ئۆيلىنىش ھەققىدىكى تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغان ئىدى. ئۆي ئىشى ۋە تىجارەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. بۇ ئەھۋال تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇغىچە داۋام قىلدى.

خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەنسە بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى ۋە بىر مۇددەتتىن كېيىن قارارغا كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆيلىنىش تەكلىپىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 25 ياشقا كىرگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيلىنىش تەكلىپىنى بىر مۇددەت ئويلىغاندىن كېيىن قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەدىچە بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاددىي بىر مۇراسىم بىلەن ئۆيلەندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنگەندىن كېيىن تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ئايالى خەدىچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ماددىي ئەھۋالى ياخشىلاندى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەبۇ تالىب قىيىنچىلىقتا ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئازايتىش ۋە تاغىسىنىڭ

جاھىلىيەت دەۋرىدە قىز پەرزەنتلەرگە ئەھمىيەت بېرىلمەيتتى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمە يېنىغا كەلگەن ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇراتتى ۋە قىزىنى ئورنىغا ئولتۇغۇزاتتى.

ئەبۇ لەھەب ۋە ئايالى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىدىكى ئىنسانلار ئىدى. «تەببەت» سۈرىسى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمى سەۋەبىدىن نازىل بولدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزلىرى ئۇممۇ گۈلسۈم ۋە رۇقىيە ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن بېشى باغلانغىلى خېلى بولغان ئىدى. ئەبۇ لەھەب ۋە ئايالى «تەببەت» سۈرىسى نازىل بولغاندا، ئوغۇللىرىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزلىرىدىن مەجبۇرلۇق بىلەن ئاجراشتۇرۇۋالدى. بۇ ۋەقە خەدىچە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى خېلى بىئارام قىلدى. بىراق ئۇلار قىزلىرىغا قارىتىلغان ياردەمنى ئايىماي داۋاملاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا باش ئەگمىدى.

ئوغلىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ئەلنى يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالدى.

مۇھەممەد ۋە خەدىچە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرەتتى. بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇپ، ھەممە ئادەمگە ئۈلگە بولغان ئىدى. تۇنجى بالىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق قوشتى. بۇنىڭ بىلەن خەدىچە ئانا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دادا بولدى.

بالىنىڭ ئىسمىنى قاسىم قويدى. ھالبۇكى، شەپقەت بىلەن چوڭ قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى بالىسى قاسىم سۈتتىن كېسىلمەي تۇرۇپ ۋاپات بولدى. خەدىچىدىن تۇغۇلغان قاسىمدىن كېيىن زەينەپ، ئۇممۇ گۈلسۇم، رۇقىيە، فاتىمە ۋە ئابدۇللاھ دۇنياغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ بىلەن قاسىم كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولدى.

*****

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز قەدىناس ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەدىنىدە ئۆيلەنگەن مارىيەدىن ئىبراھىم دۇنياغا كەلدى. ئىبراھىم تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۆرپ-ئادەتكە ئاساسەن، ئۇنى سۈت ئانىغا بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئىبراھىمنىڭ سۈت ئانىسىنىڭ يىراقتا بولىشىغا قارىماي، پات-پات ئوغلىنى كۆرگىلى باراتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە ئوغلىنى شەپقەت بىلەن سۆيەتتى. ئىبراھىم بەش ياشقا كىرگەندە ئاغرىپ قالغانلىقى ھەققىدە سۈت ئانىسىدىن خەۋەر كەلدى. پەيغەمبىرىمىز بىر نەچچە دوستى بىلەن ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئىبراھىم ئېغىر كېسەل ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئاۋايلاپ قۇچىقىغا ئالدى. ئىبراھىم ئاخىرقى نەپەسلىرىنى ئېلىۋاتاتتى.

پەيغەمبىرىمىز ئوغلىنىڭ ئۆلمىنى كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇنىسىز كۆز يېشى تۆكتى. بىر تەرەپتىن كۆزلىرىدىن

ساھابىلاردىن رافى باللىق دەۋرىدە بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك ۋاقتىمدا شوخلۇق قىلىپ، خورما دەرەخلىرىگە تاش ئاتاتتىم. بىر كۈنى باغنىڭ ئىگىسى مېنى تۇتۇۋېلىپ جازالاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ مەندىن:

- بالام! نېمىشقا خورما دەرىخىگە تاش ئاتتىڭ؟

- دەپ سورىدى. مەن:

- قارنىم بەك ئېچىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا تاش ئاتتىم. - دېدىم. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ:

- بۇنىڭدىن كېيىن خورما دەرىخىگە تاش ئاتما. خورما دەرىخىنىڭ ئاستىغا چۈشكەنلىرىدىن يېگىن، ئاللاھ سېنى تويغازسۇن! دېگەندىن كېيىن بېشىمنى سىلاپ:

- ئاللاھىم! ئۇنىڭ قارنىنى تويغازغىن.

- دەپ ماڭا دۇئا قىلدى.»

ياش ئاقسا، بىر تەرەپتىن ئوغلىنى سۆيدى. دوستلىرى بۇ ئەھۋالدىن تەسىرلەندى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يىغلىشىغا ھەيران بولۇپ: «سەنمۇ يىغلامسەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز: «كۆز يىغلايدۇ، كۆڭۈل يېرىم بولىدۇ، مېنىڭ يىغلىشىم ئەۋلادىمغا بولغان سۆيگۈمدىندۇر، مەرھەمەت قىلمىغانغا مەرھەمەت قىلىنمايدۇ.» دېدى.

بىر ئاتا-ئانا ئۈچۈن پەرزەنتىنىڭ ئۆلۈمى مۇسىبەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇسىبەتتۇر. ئەۋلادلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئەۋلاد مۇسىبىتى تارتقان بىر دادا ئىدى. پەيغەمبىرىمىز يېتىم ۋە ئىگە-چاقىسىز چوڭ بولۇپ، فاتىمەدىن باشقا پۈتۈن بالىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلدى.

زەيدىنىڭ دادىسى بالىسىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىدى. بالىسىنىڭ قۇل قىلىنغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئىز-دېرىكىنى ئالالمايۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقتىدا قاتتىق ھاياجانلاندى. ئوغلىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى ئېيتتى، بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زەيدنى سېتىپ بەرمەسلىكىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە دېمەي زەيدكە قاراپ: «خالىساڭ مەن بىلەن قالغىن، خالىساڭ داداڭ بىلەن بىللە كەتكىن.» دېگەن ۋاقتىدا، زەيدنىڭ دادىسى ناھايىتى خۇشال بولدى. قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئوغلۇم مەن بىلەن بىرگە كېتىدۇ دەپ ئويلىدى. زەيد بىر تەرەپتىن دادىسىغا، بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىدى. دادىسىغا قاراپ: «سەن بىلەن كېتىشنى خالىمايمەن، چۈنكى بۇ ئائىلە ماڭا دادىسىزلىقنى ھېس قىلدۇرمىدى، مەن بۇ يەردە شەپقەت ۋە مەرھەمەتكە ئېرىشتىم، بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن» دېدى. دادا ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ھەيران بولدى. بىر قۇل نېمە سەۋەپتىن

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىلىرى ھەققەتەن تەلەيلىك ئىدى. پەيغەمبىرىمىز نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ئويناپتتى، چاخچاقلىشاتتى ۋە دادىلىق مېھرى بىلەن ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى. پەيغەمبىرىمىز نەۋرىسى ئۇمامەنى بەك ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا نەۋرىسى ئۇمامە كېلىپ، ئۈستىگە چىقىۋالسىمۇ ئاچچىقلانمايتتى ۋە نامىزنى داۋام قىلىۋېرەتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز نەۋرىلىرىگە ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن، نەۋرىلىرى بوۋىسى بىلەن بىللە ئويناشنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبىرىمىز نەۋرىسى ھەسەن ۋە ھۈسەيىننى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ: «بالىلار! سىلەرنىڭ تۆگەڭلار بەك ئېسىل، سىلەرمۇ بەك چىرايلىق!» دەپ، ئۇلارنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى ئۆمىلەپ ماڭاتتى.

خوجايىنىدىن ئايرىلىشنى خالامدۇ؟ بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

بۇ خوجايىن قانداق ئادەم؟ قۇلى ئىگىسىگە نېمە دەپ بۇنچىلىك ساداقەت كۆرسىتىدۇ؟ دادا قۇرۇق قول ئەمما كۆڭلى خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەندى ۋە زەيدنى كېيىن ئۆزىگە بالا قىلىۋالدى.

## ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئىشەنەتتى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئۆيدىن چىقتى. چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا كەبىگە قاراپ ماڭدى. مەككىدە ئوغرىلىق، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە-جېدەللەر كۆپىيىپ، بىر-بىرىگە قارىتا ئىشەنچ قالمىغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندە كۆڭلى بەك يېرىم بولاتتى. بۇ ئىشلارنى قانداق تۈزىتىش ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا پاتتى. بۇ ئويلىنىش ئىچىدە كەبىگە قارىدى. كەبە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى رېمونت قىلىنمىغانىدى، كەبىنىڭ رېمونت قىلىنىش ئەھۋالىنى بىلگۈسى كېلىپ، كەبىگە يېقىنلاشتى. كەبىگە يېقىنلاپ كەلگەندە بۇ يەردە يىغىلىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىردىن:

- قاراڭلار! راستچىل ۋە دۇرۇست ئىنسان مۇھەممەد كەلدى! - دەپ توۋلىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەيران بولدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىدى. بۇ ۋاقىتتا يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرسى:

«ساقمۇ مەلۇم. بىز ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى كەبىنى رېمونت قىلىۋاتىمىز، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش) دەپ ئاتىغان تاشنى ئورنىدىن چىقاردۇق. ھازىر ئۇنى ئەسلى ئورنىغا قويۇشىمىز كېرەك. لېكىن ھەر قەبىلە ئۆزىنى باشقا قەبىلىلەردىن ئۈستۈن تۇتۇپ، بۇ تاشنى ئۆزى قويۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرىمىزدا جېدەل چىقاي دەپ تۇرغاندا ئىچىمىزدىن بىرسى بەنى شەيبە: «ئىشىكتىن تۇنجى

پەيغەمبىرىمىزگە نەۋرىلىرىدىن بىرىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى ۋە كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقى خەۋەر قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز ئورنىدىن تۇرۇپ زەينەپنىڭ ئۆيىگە باردى. بوۋاق بوۋىسىنىڭ قۇچىقىدا ئاخىرقى نەپەسىنى ئېلىۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن بوۋاق جان ئۈزدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. پەيغەمبىرىمىزدىن: «نېمىشقا يىغلايسىز؟» دەپ سورىغۇچىلارغا، پەيغەمبىرىمىز: «بۇ كۆز يېشى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە سالغان مېھرى-شەپقەتتۇر. ئاللاھ شەپقەتلىك ئىنسانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.» دەپ جاۋاب بەردى.

بولۇپ كىم كىرسە، بۇ تاشنى ئورنىغا قويۇش ئىشىغا شۇ كىشى رىياسەتچىلىك قىلسۇن.» دېدى. ھەممىمىز بۇ تەكلىپكە قوشۇلغان ئىدۇق ۋە بىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتۇق. سېنى ئىشىك ئالدىدا كۆرگەن ۋاقتىمىزدا ناھايىتى خۇرسەن بولدۇق. سەن مەككىدە بۇ ئىشقا ئەڭ لايىق بىر ئادەمسەن. چۈنكى قېرىنداشلىرىمىزغىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدىغان مۇشۇنداق بىر زاماندا ماللىرىمىزنى پەقەت ساڭىلا ئامانەت قويالايمىز» دېدى. ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاشنى بىر رەختنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، ھەر قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى رەختنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇشقا چاقىردى. ھەممە ئاقساقاللار رەختنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇپ كۆتۈرگەندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاشنى ئېلىپ يېرىگە قويدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ چارىسىدىن بارلىق قەبىلىلەر خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە مەدھىيە ئوقىدى.

پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى نەۋرىسى ھەسەننى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈۋاتاتتى. يېنىدا تەمىم قەبىلىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن بىرى بار ئىدى. بۇۋا بىلەن نەۋرە ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بۇ ئادەم: «مېنىڭ 10 بالام بار، مەن ئۇلارنىڭ ھېچ بىرسىنى سۆيمىدىم» دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ: «مەرھەمەت قىلمىغانلارغا مەرھەمەت قىلىنمايدۇ. ئىنسانلارغا مەرھەمەت قىلمىغانلارغا ئاللاھمۇ مەرھەمەت قىلمايدۇ.» دېدى.



ئۈچۈنچى باپ

# ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد

## جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە كۆڭلى يېرىم بولغان، ئىچى پۇشقان ۋاقىتلاردا، تەپەككۇر ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن نۇر تېغىدىكى ھىرا غارى (ئۆڭكۈر)غا باراتتى. ئۇ بۇ يەرنى ئىبادەت قىلىدىغان يەر قىلىۋالغان ئىدى. نۇر تېغى ئېگىز بولۇپ، تاغنىڭ چوققىسىدىن كەبە ۋە مەككىنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. پەيغەمبىرىمىز تاغنىڭ جىمجىتلىقى ئىچىدە بەزى ۋاقىتلاردا بۇ غاردا بىر نەچچە كۈن قالاتتى.

پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى ھىرا غارىغا كەلدى، كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى، خىللا چارچاپ كەتكەن ئىدى. كۈن چىقىشقا ئاز قالغاندا، قاراڭغۇلۇق يۇقۇلۇپ يورۇقلۇقنىڭ چىقىشىغا ئەگىشىپ ھازىرغىچە ھاياتىدا كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسە ئالدىغا كەلدى ۋە:

- ئوقۇ! - دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى قورقتى، بەدىنى تىترەشكە باشلىدى. قورققان ھالدا:

- مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن. - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇدۇلىدىكى نەرسە بەدىنىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر مۇددەت سىققاندىن كېيىن قويۇپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنى بوغۇلۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. پەقەت تونىمايدىغان ھېچ

**پەيغەمبەرگە سالام**

جانابى ئاللاھ پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبىرىمىزنى مەدھىيىلەشنى بۇيرىغان. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتا: «سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ئەلەيھىسسالام» دېيىشىمىز كېرەك. بۇ پەيغەمبەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ ئىپادىسىدۇر. مەنىسى: «ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى ئۇنىڭغا بولسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

كۆرۈپ باقمىغان بۇ نەرسە ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم: «ئوقۇ» دېدى. پەيغەمبىرىمىز يەنە: «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى قېتىم ئوخشاشلا يەنە: «ئوقۇ» دېگەن ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزغا ئۆگىتىلگەن شۇ سۆزلەر ئېغىزىدىن چىقتى:

**«ئوقۇ! سېنى ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن! پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ ئىنسانغا قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ۋە ئىنسانغا بىلمەيدىغان نەرسىسنى ئۆگەتتى.»**

پەيغەمبىرىمىز قورقتى. نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. غارنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئائىلىسى خەدىچىنىڭ يېنىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. تاغدىن يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا: «سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن بولسام جىبرىئىل» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز غارنىڭ ئىچىدە ئاڭلانغان ئاۋاز بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەمما بۇ ئاۋاز ھازىر غاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جاراڭلىق چىقىۋاتاتتى. ئەتراپقا قارىدى. ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. قارىسا ئاسماننى قاپلىغۇدەك چوڭلۇقتىكى بىر نەرسىنى كۆردى. بۇ نەرسە (مەۋجۇدلۇق) يەنە: «سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن جىبرائىل» دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدىغا ياكى كەينىگە بىر قەدەم ئالالمىدى. خۇددى قېتىپ قالغاندەك تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. نەپسىنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ تەكرار ئەتراپقا قارىدى. يەنە ھېلىقى نەرسە ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ، بۇرۇنقى سۆزلەرنى تەكرارلاۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز كۆزىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ، يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇندى. ئەمما قەيەرگە قارىسا ئۇنى كۆردى.

تونۇمايدىغان ھېلىقى نەرسە تۇساتتىنلا غايىپ بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قورقتى ۋە كۆڭلى جايىدا ئەمەس

«ئاللاھ ھەققەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ. پەرىشتىلەرمۇ ھەققەتەن پەيغەمبەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار.»
(ئەھزاب سۈرىسى، 56 ـ ئايەت)

تۇنجى ۋەھيى مىلادىنىڭ 610 ـ يىلى قەدىر كېچىسىدە نازىل بولدى.

تۇنجى نازىل بولغان ئايەت «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ 1 ـ 5 ـ ئايەتلىرىدۇر.

«ئەلەق» ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچىدىكى ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىدى. نۇر تېغىدىن مەككىگە قاراپ يۇگرەشكە باشلىدى. يولدىن تىزلىك بىلەن ئۆتۈپ، ئاران ئۆيىگە كېلىۋالدى.

## سىردىشى خەدىچە

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىترەك ئاۋازدا خەدىچىدىن ئۆزىنى يۆگەپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. خەدىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەستىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە يېپىپ قويدى. پەيغەمبىرىمىز قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئويغانغان ۋاقتىدا بولۇپ-ئۆتكەن ئىشلارنى خەدىچىگە سۆزلەپ بەردى. بولغان ئىشلار ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلمەي: «بەك ئەندىشە قىلدىم ۋە قورقتۇم» دېدى. خەدىچە پەيغەمبىرىمىزنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشىپ:

- قورقما! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ سېنى رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن ئۇرۇق-تۇغقاننى يوقلايسەن، مېھماننى كۈتىسەن، ئاچلارنى تويغۇزىسەن، موھتاجغا ياردەم قىلىسەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا يار-يۆلەك بولىسەن. - دېدى.

خەدىچە يولدىشىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى چۈشىنىشكە تىرىشتى. چۈنكى ئۇنى تونۇيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. ئۆيلەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن خاتا بىر ئىش كۆرمىگەن ئىدى. يولدىشىنىڭ ئالاھىدە بىر ئەھۋالغا يولۇققانلىقىنى ئېنىق ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋاللارغا ئىشەندى. خەدىچىنىڭ تۇغقىنى بولغان ۋەرەقە تەجرىبىلىك ۋە بىلىملىك بىر ئىنسان ئىدى. خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۇ ئىنسان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. ۋەرەقە بولۇپ-ئۆتكەن ئىشلارنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى ۋە چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

- سەن كۆرگەن ئۇ نەرسە ئاللاھ مۇسا پەيغەمبەرگە ئەۋەتكەن جىبرائىل ئىسىملىك پەرىشتىدۇر. ئەگەر ياش بولغان بولسام، كېيىن ئىنسانلار سېنى زورلۇق بىلەن يۇرتۇڭدىن كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان چاغدا سېنىڭ يېنىڭدا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. - دېدى.

مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام بىلەن خەدىچىنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرىگە تىكىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىدە ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر غەم-ئەندىشە بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز غەمكىن ئاۋازدا:

- مېنى مەككىدىن چىقىرىۋېتەرمۇ؟ - دەپ سورىدى. ۋەرەقە:

- ھەئە، چۈنكى سەن قىلماقچى بولغان دەۋەتنى ئېلىپ كەلگەن پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر ئۆز يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئەگەر ئۇ ۋاقىتقىچە ئۆمرۈم بولسا ساڭا ياردەم قىلىمەن. - دېدى.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلى بىر ئاز خاتىرجەم بولدى. ئايالى خەدىچە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە موھتاجتى. ۋەرەقە ناھايىتى مۇھىم نەرسىلەرنى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋاللارنى چۈشىنىشكە تىرىشتى. يېڭى ۋەزىپە كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەزىپىلىك قىلىنغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. قىرىق ياشقا كىرگەنىدى. ئىنسانلارنى توغرا يولغا چاقىرىپ، خاتا يولدىن توسۇشى، يامان ئىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەك ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايەتلىرىنى ئوقۇۋپ: «ماڭا كىم ئىشىنىدۇ؟» دېگەن ۋاقىتتا، ھەزرىتى خەدىچە: «باشقىلار ئىشەنمىسىمۇ مەن ئىشىنىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز بىر ئىنسان كۆتۈرەلەيدىغان يۈكنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام خەدىچىگە ئوخشاش ئىشەنچلىك، سادىق ۋە ئوقۇمۇشلۇق بىر

**قۇرئان**

ئاللاھتائالا مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا ۋەھيى يولى بىلەن 23 يىل ئىچىدە ئايەتمۇ-ئايەت، سۈرىمۇ-سۈرە چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى مۇقەددەس كىتابتۇر. بۇ مۇقەددەس كىتاب 114 سۈرە، 6236 ئايەتتىن تەركىپ تاپقان.

قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، ئوقۇلۇشى ئىبادەتتۇر. قۇرئان ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان يول، بۇيرۇق، چەكلىمە ۋە تەۋسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان ئىنسانلارغا ئەڭ توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ.»
(ئىسرا سۈرىسى، 9-ئايەت)

ئايالىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن ۋەھيىنىڭ دەسلەپكى قېتىن ئۆتكەللىرىنى بەك زورلانماي ئۆتكۈزدى. يېڭى دىنىنى سۆيۈملۈك ئايالى ھەزرىتى خەدىچە ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بىر تەرەپتىن ئائىلىسى بىلەن مەخپىي رەۋىشتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەككىلىكلەرنى مەخپىي رەۋىشتە ئىسلام دىنىغا چاقىردى. ئىنسانلارنى دىنغا چاقىرغاندا ھاقارەت، دەشنامىلارغا ئۇچرىدى. كۆپلىگەن توسالغۇلارغا ئۇچرىشىغا قارىماي، پەيغەمبىرىمىزنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغانلار بىر، ئىككىدىن كۆپىيىشكە باشلىدى.

«يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن. ئىنسانلارغا مۇلايىم بولغىن. ئەگەر ساڭا قارشى چىقسا، ھېچ شۈبھىسىز مەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ئۈزاقمەن، دېگىن.»
(شۇئەرا سۈرىسى، 214-216-ئايەت)

## چاقىرىق يېيىلماقتا

ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە يېقىنلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى بۇيرىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ بىر زىياپەت بەردى. زىياپەتتىن كېيىن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىردى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇ لەھەب بۇ چاقىرىققا قارشى چىقىپ: «ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بۇنداق يامان ئىشقا چاقىرغان باشقا بىر ئادەمنى كۆرمىدىم.» دېدى. يىغىلغانلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تارقاپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئەتىسى يەنە ئۇلارنى چاقىرىپ، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئاللاھ بەرگەن بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى لاياقەتلىك ئورۇنلاشنى ئارزۇ قىلاتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز يېقىنلىرىدىن كېيىن پۈتۈن مەككە خەلقىنى ئىسلامغا چاقىرىشنى ئارزۇ قىلدى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ: «ئى قۇرەيشلىكلەر!»

دەپ تووۋلىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانلار بىر ـ بىرلەپ يىغىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا:

ـ مۇشۇ تاغنىڭ كەينىدە دۈشمەن بار، هازىر سىلەرگە هۇجۇم قىلىدۇ، دېسەم ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. يىغىلغانلارنىڭ هەممىسى بىر ئېغىزدىن:

ـ ئىشىنىمىز. چۈنكى بىز سېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىڭنى هازىرغىچە ئاڭلاپ باقمىدۇق. ـ دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭ بىلەن:

ـ ئاللاهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر كۈنى ئۆلىسىلەر ۋە بىر كۈنى تىرىلىپ پۈتۈن قىلغان ئىشىڭلاردىن ئاللاهقا هېساب بېرىسىلەر. ياخشىلار ئۈچۈن جەننەت، ئەسكىلەر ئۈچۈن دوزاخ باردۇر. مەن سىلەرنى قىيامەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاهلاندۇرۇشقا ۋەزىپىلىك قىلىنىدىم. ئاللاهنىڭ بىرلىكىگە ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەنلەر قىيامەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، ئىشەنمىگەنلەر قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلامسىلەر؟ ـ دېدى. مەيدانغا يىغىلغانلار بۇ تەكلىپ ئالدىدا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەبۇ لەهەب بۇ يەردىمۇ دۈشمەنلىكىنى كۆرسىتىپ، يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزگە ئاتتى ۋە:

ـ بىزنى بۇ يەرگە بۇ يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟ ـ دەپ ۋاقىرىدى.

پەيغەمبىرىمىز گەرچە بۇنىڭغا ئوخشاش يىغىلىشلاردا بىر مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن مەككە خەلقىگە ئىسلامنىڭ مۇقەددەس چاقىرىقىنى جاكالىۋالدى.

## ئەرقەمنىڭ ئۆيى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جەسۇر ۋە يىگىتلىك غورورىغا ئىگە بىر ئىنسان ئىدى. هېچكىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىششنى خالىمايتتى ۋە يولدا ئۇنى كۆرسە باشقا يولغا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۆمەر مۇهەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. يولدا نۇئەيمگە ئۇچرىدى. نۇئەيم مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئەمما مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مەخپى تۇتاتتى. ئۆمەرنىڭ غەزەپ بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۆمەر:

- مۇھەممەدنى ئۆلتۈرگىلى كېتىۋاتىمەن. - دېدى. نۇئەيم جىددىيلىشىپ:

- ماڭا قارا ئۆمەر، سەن ناھايىتى مۇشكۈل بىر ئىشقا تۇتۇش قىپسەن. - دېدى. نۇئەيم پەيغەمبىرىمىزنى قوغداش ۋە ئۆمەرنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن:

- سەن بۇ ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى سىڭلىڭ ۋە قېيىن بۇرادىرىڭگە بىر نەرسە دېگىن. چۈنكى ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولدى. - دېدى.

ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ دەر غەزەپ بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىر نەرسىنىڭ ئوقۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بىر ئاز تىڭشىغاندىن كېيىن سىڭلىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ يولدىشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇقتى ۋە ئۇشتۇمتۇتلا ئۆيىگە كىردى.

ئەر-خوتۇن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم كۆتىرىپ بىر بۇرجەككە ئاتتى. ئۆمەر ئاچچىقىدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىنى قىلىچىغا ئۇزاتقان ۋاقىتتا سىڭلىسى يىغلاپ تۇرۇپ:

- ئۆمەر! ئاللاھتىن قورققىن، سەنمۇ ئاڭلا، بىز مۇسۇلمان بولدۇق، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن، بىز دىنىمىزدىن قەتئىي يانمايمىز. - دېدى.

ئۆمەر سىڭلىسىنىڭ بۇنداق جەسۇرلۇقى ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۆمەرگە قارشى چىقالايدىغان بۇنداق جاسارەت قەيەردىن كەلدى؟ ئۆمەر بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. قىلىچ تۇتقان قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى،

**ھەبەشىستانلىق بىلال**

ھەبەشىستانلىق قۇل بولغان بىلال مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭغا خەۋەر بەرمەي مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاتتىق زۇلۇم قىلدى. ئۇنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن چۆلدىكى قىزىق قۇمغا ياتقۇزۇپ، كۆكسىگە بىر تاشنى قويۇپ: «ئەگەر دىنىدىن ۋاز كەچمىسەڭ، قىززىق قۇم ئۈستىدە ئۆلتۈرىمەن.» دەپ تەھدىت قىلدى. ھەزرىتى بىلال ئېغىر زۇلۇم ۋە قىيىن-قىستاقلارغا پىسەنت قىلماي، «ئاللاھ بىردۇر ۋە بۈيۈكتۇر» دەپ ئىندا قىلدى.

ئۇلتۇردى ۋە بىر ئاز ئويلاندى. بىر ئازدىن كېيىن سىڭلىسىدىن نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى سورىدى. سىڭلىسى ئۆمەرنىڭ ئاچچىقىنىڭ بېسىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئوقۇۋاتقان ئايەتلەرنى كۆرسەتتى. ئەر-خۇتۇن ئىككىسى ئۆمەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇردى. ئۆمەر قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇغانسىرى ئوقۇغانلىرىدىن تەسىرلەندى. ئاچچىقى يامان ئۆمەرنىڭ ئورنىغا ھازىر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئۆمەر مەيدانغا كېلىۋاتاتتى. ئۆمەر ئەرقەمنىڭ ئۆيىنى سورىدى. ئۆمەر ئاجايىپ بىر ھېس-تۇيغۇ بىلەن ئەرقەمنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

پەيغەمبىرىمىز ئاللاھقا ئىشەنگەنلەرنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان بىر ئۆي ئىزدىدى. ئەرقەمنىڭ ئۆيى مەككىنىڭ سىرتىدا بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزدىن يىراق ۋە مۇۋاپىق بىر يەر ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز دوستلىرى بىلەن بۇ يەرگە يىغىلدى.

نۇئەيم يۈگرەپ ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆمەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەتلەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۆيدە يىغىلغانلار پەيغەمبىرىمىزنى ئۆز جانلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ساقلاپ تۇردى.

ئۆمەر ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۆي جىمجىت ئىدى. ئۆمەر ئۆيگە كىرىپ پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە قوشۇلدى. ئۆمەر ئاستا كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

- لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر) - دېدى. ئەرقەمنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرى ئارىسىدا ئۆمەر مۇسۇلمان بولدى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىگە-كۈچ قوشتى. ئەمدى مۇسۇلمانلار دىنلىرىنى يوشۇرۇش

### پەيغەمبەرگە زۇلۇم

ساھابىلاردىن مۇنىبت مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى كۆرگەن ئىدىم. «لائىلاھە ئىللەللاھ دېسەڭلار قۇتۇلىسىلەر» دەيتتى. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەندە بەزى ئىنسانلار ئۇنىڭغا تۈكۈردى، بەزى ئىنسانلار ئۇنىڭغا توپراق ئاتتى، بەزىلىرى ھاقارەت قىلدى. بۇ خىل ئەزىيەت ۋە ھاقارەتلەر ناماز ئەسىرگىچە داۋام قىلدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى زەينەپ يىغلىغان پېتى سۇ توشقۇزۇلغان بىر قاپنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۇ بىلەن قولى، يۈزىنى يۇدى ۋە بۇ سۇدىن ئىچكەچ قىزىغا: «قىزىم يىغلىما! شەك شۈبھىسىزكى، ئاللاھ داداڭنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.» دېدى.

ئېھتىياجى ھېس قىلمىدى. بىرلىكتە كەبىگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. ئەرقەمنىڭ ئۆيى مۇسۇلمانلارغا كىچىك كېلىشكە باشلىدى.

ئىسلام دىنى مەككىنىڭ سىرتىغىمۇ يېيىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبىرىمىز مەككىنىڭ سىرتىدىكى قەبىلىلەرنىمۇ زىيارەت قىلدى. بارغان يەرلەردە بەزى ۋاقىتلاردا ياخشى قارشى ئېلىندى، بەزى ۋاقىتلاردا ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى.

پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن تۇسالغۇ ۋە پىشكەللىكلەرگە قارىماي، بوشاپ قالماستىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ چاقىرىقىنى ئىنسانلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

## ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىكنىڭ باشلىنىشى

ئىسلامنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى بىلەن مۇشرىكلار بۇ ئەھۋالدىن غەم-قايغۇ قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ روھى-كەيپىياتىنى چۈشۈرۈش ۋە ئىنسانلارنى ئىسلامغا كىرىشتىن توسۇش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى جەمىيەت ئىچىدە مەسخىرە قىلدى. مۇسۇلمانلارنى ھەر قېتىم كۆرگەن ۋاقىتتا ئورۇپ-سوقۇپ، ناھاق سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ئۇچراتقان ۋاقىتتا: «قاراڭلار! بۇ ئادەم ئاسماندىن خەۋەر ئالارمىش» دەپ مەسخىرە قىلدى. مەسخىرە قىلىش بىلەنلا قالماي، پەيغەمبىرىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى سېھىرگەر، ساراڭ ۋە پالچى دەپ ھاقارەت قىلدى. مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلۇم ۋە ئەزىيەتتە ھەددىدىن ئېشىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

بۇ خىل قىيىن-قىستاق ۋە ئەزىيەتلەر ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى توختىتالمىدى، ھېچبىر ئادەمنى دىنىدىن ۋاز كەچتۈرەلمىدى. مەككىنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرى بىر يەرگە

يىغلىپ، بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئاخىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ نوپۇزلۇق كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئەبۇ تالىبتىن پەيغەمبىرىمىزنى دەۋاسىدىن ۋاز كەچتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئەبۇ تالىبقا: «جىيەنىڭ بىلەن سۆزلەشكىن، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچسۇن» دېدى. ئەبۇ تالىب جىيەنىنى چاقىرىپ، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ تەلىۋىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبىرىمىز مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ تەلىۋىنى ئاڭلاپ: «ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى بەرگەن تەقدىردىمۇ، مەن ھاياتتا قالغان مۇددەتكىچە دەۋايىمدىن ۋاز كەچمەيمەن» دېدى. ئەمىلىيەتتە ئەبۇ تالىب مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان كۈلپەتلىرىنى بىلەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان-زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئەبۇ تالىب پەيغەمبىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇشنى داۋاملاشتۇردى ۋە: «كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! مەن ھاياتلا بولسام ئۇلار ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.» دېدى.

*****

مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبىرىمىزنى بۇ يولدىن توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقا چارە قىلىشنى ئويلىدى. ئۆز ئىچىدە بىر كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇنى كەبىگە ئېسىپ قويدى.

بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارار قىلىندى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغقانلىرى ۋە مۇسۇلمانلار دۈشمەن دەپ ئېلان قىلىنىپ، ئۇلار بىلەن قۇدا-باجا بولۇش، ئېلىم-سېتىم ۋە سۆزلىشىش چەكلەندى.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېغىر كۈنلەر باشلاندى. تىجارەت قىلالمىدى، بىر نەرسە ئېلىپ ساتالمىدى، ئاچ ۋە سۇسىز قالدى.

مۇسۇلمانلار بۇ قاتتىق زۇلۇمغا پىسەنت قىلماي، پەيغەمبىرىمىزنى مەككە مۇشرىكلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. پەيغەمبىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى.

بۇ قاتتىق چەكلىمە ئۈچ يىل داۋام قىلىپ، ئاخىرىدا ئىنساپلىق بىر قانچە مەككىلىكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇققانلىرىدىن بىر نەچچە كىشى كەبىنىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويۇلغان كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلاپ، بۇ چەكلىمىگە خاتىمە بەردى. مۇسۇلمانلار بۇ چەكلىمىدىن ئىتتىك كۆچلەنگەن ھالدا قۇتۇلدى.



## قايغۇ يىلى

چەكلىمىلەر ئاخىرلىشىپ، مۇسۇلمانلار راھەت بىر نەپەس ئالدى. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان ئىككى ۋەقە كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەردى. بۇنىڭ بىرى، سىرتتىكى ھىمايىچىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتى، يەنە بىرى ئۆز ئۆيىدىكى ھىمايىچىسى خەدىچەنىڭ ۋاپاتى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىككى قوللىغۇچىنىڭ ۋاپاتىغا ناھايىتى قايغۇرۇپ: «بۇ كۈنلەردە ئۈممىتىمنىڭ ئۈستىگە كەلگەن بۇ ئىككى مۇسىبەتنىڭ قايسىسىغا قايغۇرۇشنى بىلەلمەيۋاتىمەن» دېدى. شۇڭا، بۇ يىل قايغۇ يىلى دەپ ئاتالدى.

# يېڭى ماكان ئىزدەش

مەككىدە ياشاش كۈندىن ـ كۈنگە تەسلىشىشكە باشلىدى، مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان زۇلۇم كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋالغا قاراپ، يېڭى ماكان ئىزدەشكە باشلىدى. تۇنجى قېتىم ھەبەشىستانغا بەش كىشىنىڭ ھىجرەت

قىلىشىغا يول قويىدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ھىجرىتى ئىدى. مۇشرىكلار مەككىدە قالغان مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. مۇسۇلمانلار زۇلۇمدىن تۇيۇپ، راھەت ئىبادەت قىلىشتا قىينىلىۋاتاتتى. بىر يىلدىن كېيىن 100 كىشىلىك بىر گۇرۇپ ھەبەشىستانغا مەخپىي باردى. مەككىلىك مۇشرىكلار بۇنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ئەلچى ئەۋەتتى.

مەككە مۇشرىكلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ يېنىغا قىممەتلىك ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئەلچىلەر:

- بىز مەككىدىن كەلدۇق. مەككىدىن قېچىپ، تۇپراقلىرىڭغا ئىلتىجا قىلغانلارنى قايتۇرۇۋالغىلى كەلدۇق. - دېدى. نەجاشى ئەلچىلەردىن:


- بۇ ئىنسانلارنى نېمىشقا قايتۇرۇپ كېتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئەلچىلەر، ھەبەشىستانغا كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئاتا-بوۋىسىنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ، باشقا بىر دىنغا ئىشەنگەنلىكىنى، ئۆزى ئىشىنىپلا قالماي، باشقىلارنىمۇ بۇ دىنغا ئىشىنىشكە چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەلچىلەر كېلىش مەقسىدىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن نەجاشى ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلىتىگە ئىلتىجا قىلغان مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئويلىدى. ئەمما بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئادالەت چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى، گۇناھكار دەپ ئەيىپلەنگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنىمۇ ئاڭلاپ بېقىشى كېرەك ئىدى. پادىشاھ دۆلىتىگە ئىلتىجا قىلغان مۇسۇلمانلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى.

نەجاشى ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىپ:

- بۇ ھەقتە سىلەر نېمە دەيسىلەر؟ - دەپ سورىدى. بۇ سۇئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى جەئپەر ئالدىغا چىقىپ:

- بىز ئەخلاقسىزلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ، بوينىمىزغىچە ئەسكىلىككە پېتىپ قالغان ئىدۇق. ئاللاھ بىزگە ئىچىمىزدىن



ئوهود تیغی
مەدینە
قوبا
بەدر
ئەبوا
هودەیبیە
مەککە
تائیف
سەوری تیغی
بیری مائونە
رەجی
هەبەشستان

توغرا سۆزلۈك، ئىشەنچلىك، ئېسىل نەسەپلىك بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ پەيغەمبەر بىزنى ئاللاھنى بىر دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇنماسلىققا چاقىردى. بىزنى توغرا سۆزلەشكە، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا، توغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى تۇتۇشقا، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، قان داۋالىرىدىن ۋاز كېچىشكە چاقىردى. ئەخلاقسىزلىق قىلىشنى، يالغان يەرگە گۇۋاھلىق بېرىشنى، يېتىم مېلىنى يېيىشنى، ئىپپەتلىك ئاياللارغا بۆھتان چاپلاشنى چەكلىدى. پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنى، ئۇنىڭغا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى بۇيرىدى. بىز ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتۇق. ئاللاھ ئۇنىڭغا قانداق بۇيرۇق بەرگەن بولسا، ئۇنى ئىجرا قىلدۇق، ھالال دېگىنىنى ھالال دەپ بىلدۇق. ئەمما قەۋمىمىز بىزگە كۆپ زۇلۇم قىلدى، بىزنى دىنىمىزدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. بۇ زۇلۇم ۋە كۈلپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشقا يول تاپالماي، سىزنىڭ مەملىكىتىڭگە پاناھلىق تىلەپ كەلدۇق. ـ دېدى.

نەجاشى جەئپەرنىڭ دېگەنلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. نەجاشى جەئپەردىن ئاللاھتىن كەلگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جەئپەر پادىشاھقا مەريەم سۈرىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ بەردى. نەجاشى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تاپمىدى. ئەلچىلەرگە مۇسۇلمانلارنى تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقى، دۆلىتىدە خاتىرجەم ياشاشقا يول قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ، قورۇق قول مەككىگە قايتتى.

## تائىف

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئايالى خەدىچە ۋاپات بولۇپ، بىر ئايدىن كېيىن بېقىۋالغان ئوغلى زەيدنى ئېلىپ، مەككىدىن 60

كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تائىفقا باردى. تائىفقا بېرىشتىكى مەقسىتى مەككىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن بىر ئاز بولسىمۇ يىراق تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنى تەبلىغ قىلىش ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز تائىفتا يىغلىغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بارلىقى، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. تائىفلىقلار قارشىلىق كۆرسىتىپ، پەيغەمبىرىمىز ۋە زەيدكە ھاقارەت قىلدى. قۇللار ۋە كىچىك باللار پەيغەمبىرىمىز ۋە زەيدكە ھاقارەت قىلدى. قۇللار ۋە كىچىك باللار پەيغەمبىرىمىز ۋە زەيدكە ئۇزۇلدۇرمەي تاش ئاتتى. زەيد ئېتىلغان تاشلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تاشلارغا قالقان قىلدى. يىقىلىپ قوپۇپ، بۇ يەردىن يىراقلىششقا ئۇرۇندى. تاش تەككەن يەرلەردىن قان ئېقىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۇتى يارىلىنىپ ئولتۇردى. ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، تائىفلىقلار تاش ئېتىپ كۈلۈشتى. پەيغەمبىرىمىز ۋە زەيد بۇ يەردىن ناھايىتى تەسلىكتە قۇتۇلغاندىن كېيىن ھېرىپ-چارچاپ كەتكەن ۋە كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغان ھالدا بىر دەرەخنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ يەردە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ:

«ئى ئاللاھىم! كۈچسىز ۋە چارىسىز قالدىم، ئىنسانلارغا قارشى چارىسىزلىكىمنى پەقەت ساڭىلا ئېيتالايمەن. ئى ئاللاھىم! سەن ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىسەن. ئەملىيەتتە، سەن ئەڭ كۈچلۈكسەن، بەندىلىرىڭنى ھەر تۈرلۈك بالا-قازالاردىن قوغدىغىن.» دەپ دۇئا قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە ھاقارەت قىلىپ، تاش ئاتقان بۇ ئىنسانلارغا قارشى بەددۇئا قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ رەھمەت ۋە سۆيگۈ پەيغەمبىرى ئىدى.

### ئىسرا ۋە مىراج مۆجىزىسى

ئۈچ يىل داۋاملاشقان قاتتىق چەكلىمىدىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز تاغىسى ۋە ئايالىدىن ئايرىلىپ تائىفتىن قايتىپ كەلگەندە كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىدى. بۇ ئازابلىق كۈنلەردە ئاللاھقا يېلىنىپ ياردەم تىلىدى. بىر كېچە پەيغەمبىرىمىز كەبىدە ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، جىبرائىل ئىسىملىك پەرىشتە كەلدى. جىبرائىل پەيغەمبىرىمىزنى مەككىدىن ئېلىپ قۇددۇستىكى مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ باردى. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەسجىدى ئەقسادىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە «ئىسرا ۋە مىراج مۆجىزىسى» دەپ ئاتالدى. بۇ ۋەقە ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا يۈز بەردى. پەيغەمبىرىمىز مەككىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا تېخى تاڭ ئاتمىغان ئىدى. ئاللاھ مىراجدا پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلارغا بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشنى بۇيرىدى.

## ئەقەبە: مەدىنىگە بارىدىغان يول

پەيغەمبىرىمىز بىر تەرەپتىن جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋرى قىلىپ، ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر

تەرەپتىن مۇسۇلمانلار خاتىرجەملىكتە ياشىيالايدىغان بىر ماكان ئىزدىدى. پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى مەدىنىدىن كەلگەن بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئىسلامنى تەبلىغ قىلدى. بۇ كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. مۇسۇلمان بولغان بۇ ئىنسانلار كېلەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ ئايرىلدى. كېيىنكى يىلى بۇ گۇرۇپقا يەنە ئالتە ئادەم قوشۇلۇپ، ئون كىشى بولدى. ھەج مەۋسۇمىدا بۇ كىشىلەر مەككىگە كېلىپ، ۋەدىلەشكەن يەردە مەخپىي كۆرۈشتى. پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمان بولغان بۇ ئون ئىككى كىشىدىن ئاللاھقا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ناچار ئاياللار بىلەن ئارىلاشماسلىققا، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، قىز باللىرىنى تىرىك كۆممەسلىككە، باشقىلارغا تۆھمەت قىلماسلىققا ۋە ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى قىلماسلىققا دائىر ۋەدە ئالدى. بىر يىلدىن كېيىن ئەينى يەردە كۆرۈشىدىغان بولۇپ، ۋىدالاشتى. پەيغەمبىرىمىز دوستى ئۆمەرنىڭ ئوغلى مۇسئەبنى مەدىنىلىكلەرگە ئىسلامنى ئۆگىتىش ئۈچۈن قوشۇپ قويدى. مۇسئەب كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلامنىڭ مەدىنىدە تارقىلىشىغا ئاساس سالدى.

كېيىنكى يىلى مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار يەتمىش بەش كىشى بولۇپ مەككىگە كەلدى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئەقەبە دېگەن

يەردە مەخپى ئۇچرۇشۇپ، پەيغەمبىرىمىزنى مەدىنىگە تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئابباس مەدىنىلىكلەرگە قاراپ:

- بۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىدۇر. مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مەدىنىگە بارسا، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان-زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن قورقىمەن. ئەگەر مەدىنىدە ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن قوغداپ قالالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنچىڭلار بولسا، ئۇ سىلەر بىلەن بىرگە مەدىنىگە بارسۇن، بولمىسا مەككىدە قالسۇن. - دېدى.

پەيغەمبىرىمىز تاغىسى ئابباسنىڭ سۆزلىرىگە قىستۇرۇپ:

- سىلەردىن ئاللاھقا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى، مېنى ۋە دوستلۇرۇمنى قوغدىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. - دەپ، قۇرئاندىن ئايەتلەر ئوقۇدى.

مەدىنىلىكلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە دوستلىرىنى ئۆز ئائىلىسىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقى، ھەر ۋاقىت ھەق تەرەپتە تۇرۇپ، خاتا يولدا تۇرۇۋاتقانلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. بۇنىڭ بىلەن مەدىنىلىكلەر پەيغەمبىرىمىزنى مەدىنىگە كېلىشكە دەۋەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئەقەبەدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى.

**ناماز**

بالاغەتكە يەتكەن ئەر-ئايال ھەر مۇسۇلمانغا كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش پەرزدۇر. ئۇرۇنلۇق بىر سەۋەپ يوق تۇرۇپ، ناماز ئوقۇماسلىق بۈيۈك گۇناھتۇر. جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىنى ئوقۇش پەرزدۇر. روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

«(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى تىلاۋەت قىلغىن. نامازنىمۇ تولۇق ۋە توغرا ئوقۇغىن. ناماز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى ھاياسىزلىقتىن، قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئوقۇغان ناماز ئەلبەتتە ئەڭ چوڭ ئىبادەتتۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.»
(ئەنكەبۇت سۈرىسى، 45 - ئايەت)





## تۆتىنچى باپ

# مەدىنىگە ھىجرەت

## قايتىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز

ئىسلام دىنىنىڭ مەككە سىرتىغا تارقىلىشى بىلەن مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزنى يوقۇتۇشنى قارار قىلدى. ھەر قەبىلىدىن بىردىن يىگىت تاللىنىپ ھۇجۇم پىلانى تۈزدى. بۇ پىلان بويىچە ھۇجۇم قىلىنغاندا، پەيغەمبىرىمىزنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ئېنىق بولمايتتى. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ پىلانىدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ مۇكەممەل بىر پىلانى بار ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە جان دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەممە ئادەم ئۇخلاۋاتقاندا، مەدىنىگە بارىدىغان يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى سەۋرى تېغىدىكى بىر غارغا كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلىينى مەككىلىكلەرنىڭ ئۆزىدە ئامانەت قويغان نەرسە-كېرەكلىرىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن مەككىدە قالدۇرۇپ قويىدى. ئۇ كۈنى كەچتە ھەزرىتى ئەلى مۇشرىكلارنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كارىۋىتىدا ياتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مەككىدە بولۇپ-ئۆتكەن ئىشلارنى غاردىن چىقىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزۈپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا پادىچى ئامىر قويلارنى بېقىش ئۈچۈن تاغنىڭ باغرىغا ھەيدەپ كېلىپ، پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە سۈت ئېلىپ كېلىدىغان ۋە مەككە مۇشرىكلىرىنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇللانىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن سەۋرى غارىدا يۇشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئىزدەپ كەلگەن بىر گۇرۇپ ئادەم پەيغەمبىرىمىزنى تېپىۋالغىلى ئاز قالغان ئىدى. ئۇلار غارنىڭ ئېغىزىغىچە كەلدى. ئىگىلىپ ئىچى قارىسا پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى كۆرەلەيتتى. ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى قوغداپ قالدى.

بولدى. ئۇرەيقىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇچچۇنچى كۈنىنىڭ ئاخىرىدا يېنىغا ئىككى تۆگە ئېلىپ، سەۋرى تېغىنىڭ باغرىغا كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە يول باشلاپ ماڭىدىغان بولدى.

ئەتىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى غارغا مەخپى كېلىپ، مەككىدە بولۇپ ـ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ:

ـ مۇشرىكلار ئەتىگەن ئۆيگە كىرگەن ۋاقىتتا، كارۋىتىڭىزدا ياتقان ھەزرىتى ئەلىينى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ھەزرىتى ئەلىيگە ئەسكىلىك قىلىپ، ئۇنى بىر مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئىگەللەشكە تىرىشتى. ئەمما ئەلىنى بىر نەرسە دېگۈزەلمەي قويۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزدىنمۇ مەلۇمات ئېلىشقا تىرىشتى. ئاغزىمىزدىن گەپ ئالالماي، قايتىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا سىزنى (پەيغەمبىرىمىزنى) تىرىك ياكى ئۆلۈك ئېلىپ كەلگەنلەرگە يۈز تۆگە سۈيۈنچە بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغانلار سىزنى تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ـ دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنى ئۆيىدىن تاپالمىغان ئاچكۆز مۇشرىكلار ھەر تەرەپتە ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر گۇرۇپ ئادەم پەيغەمبىرىمىز يوشۇرۇنغان غارنىڭ ئېغىزىغىچە كەلدى. ئىگىلىپ غارنىڭ ئىچىگە قارىغان بولسا، پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى كۆرۈپ قالاتتى. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى كۆزگە كۆرۈنمەس قوغدىغۇچىلىرى بىلەن مۇھاپىزەت قىلدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى كۆرەلمەي كېتىپ قالدى.

غاردا تۇرۇۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولغان ئىدى. كۈن چىقىشقا يېقىن ئۇرەيقىد ئوغلى ئابدۇللاھ تۆگىلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

**قۇرئاندا ھىجرەت مۇنداق بايان قىلىنغان:**

«سىلەر مۇھەممەدكە ياردەم قىلمىساڭلارمۇ بىلىپ قويۇڭلاركى، ئىنكار قىلغانلار ئۇنى مەككىدىن كېتىشكە مەجبۇر قىلغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياردەم قىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇ بەكرى) ھەمراھ ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىرگە» دەيتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا (پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن تەركىب تاپقان) كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوغدىغۇچىلار ئارقىلىق ياردەم قىلدى. كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى.»

(تەۋبە سۈرىسى، 40 ـ ئايەت)

تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، باللىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ شەھەردىن ئايرىلىش پەيغەمبىرىمىزگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى.

ئىسسىق-سوغۇق، ياخشى-يامان ۋە باللىق-ياشلىق دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنتۇپ، شەھەرنى تاشلاپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى. مەككىدە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان زۇلۇم داۋام قىلىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار مەككىدە ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى بىمالال ئىجرا قىلالمىغان ئىدى. مەككىدىن ئايرىلىش ئۇلار ئۈچۈن ھەر قانچە ئېغىر كەلسىمۇ، ئەمما مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ئۈمىد يولى ئىدى. چۈنكى ئىسلامنى خاتىرجەملىكتە تەبلىغ قىلالايتتى. پەيغەمبىرىمىز تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، مەدىنىگە كېتىۋاتقاچ بۇلارنى ئويلىدى. ئۇ بىردەم توختىدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، مەككە تەرەپكە ئۇزۇن تىكىلىپ قاراپ:

- ئەي مەككە! سەن مەن ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل شەھرى سەن. ئەگەر مېنى سەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلمىغان بولسا ئىدى، مەن سەندىن قەتئىي ئايرىلمايتتىم. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مەن ساڭا تەكرار قايتىپ كېلىمەن. - دېدى.

ۋەرەقەنىڭ دېگىنىدەك بولدى. پەيغەمبىرىمىز 53 يېشىدا ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## ھەممە ئادەم ئۇنى كۈتۈۋاتاتتى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر سەۋرى تېغىدىكى غاردىن ئايرىلغىلى سەككىز كۈن بولغان ئىدى. كۈندۈزنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقىدا ئارام ئېلىپ، كېچىدە سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. جاپالىق سەپەردىن كېيىن مەدىنىگە ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇبا يېزىسىغا يېتىپ كەلدى.

ھەزرىتى ئۆمەر جەسۇر ۋە قەھرىمان بىر ئىنسان ئىدى. ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن مەخپىي ئايرىلىشنى كۆڭلى كۆتەرمىدى. قىلىچ ۋە ئوقياسىنى ئېلىپ كەبىگە كەلدى. كەبىدە ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە: «ئەي مۇشرىكلار! مەدىنىگە ھىجرەت قىلىمەن. بالىلىرىنى يېتىم، ئاياللىرىنى تۇل ۋە ئانىلىرىنى يىغلىتىشنى خالايدىغانلار بولسا، مەن بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇدۇلدىكى تاغنىڭ كەينىگە كەلسۇن، ساقلايمەن» دېدى. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى.

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىن ئايرىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئىدى. ھەر كۈنى مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى ئىگىز يەرلەرگە چىقىپ، خۇشال كەيپىياتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالالمىغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنى ساقلاۋاتاتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان پەيتتە ئىككى كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كېلىۋاتقانلار پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ئىدى.

چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش پۈتۈن مەدىنىلىكلەر خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالدا قىزغىن كەيپىياتتا پەيغەمبىرىمىزنى قارشى ئالدى. باللارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە:

- سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. - دەپ چۇقۇراشتى. مەدىنە بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى.

مەدىنىگە كەلگەن ۋاقتىدا، ھەممە ئادەم پەيغەمبىرىمىزنى ئۆيىدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ:

پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت جەريانىدا قۇبا بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان رانۇنا دېگەن يەرگە كەلگەندە يۈزگە يېقىن مۇسۇلمانغا ئىمام بولۇپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. بۇ تۇنجى جۈمە نامىزى ئىدى. كۈنىمىزدە بۇ يەردىكى مەسجىد جۈمە مەسجىدى دەپ ئاتالدى.



- ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىزنىڭ ئۆيگە كەلسىڭىز! - دەپ تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ تەكلىپلەر ئالدىدا تۆگىسىنى ئەركىن قويۇپ بەردى. تۆگە قايسى ئۆينىڭ ئالدىدا چۆكسە، شۇ ئۆيدە مېھمان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ھېچكىمنىڭ كۆڭلى ئاغرىمايتتى.

تۆگە مېڭىپ بوش بىر يەرگە كېلىپ چۆكتى. بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن ئۆي ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئەبۇ ئەييۇب خۇشاللىقىدا نېمە قىلىشنى بىلمىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى مېھمان قىلىش ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىدە بىر مۇددەت مېھمان بولدى.

ھىجرەت جەريانىدا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى مەدىنىدە مېھمان قىلغان ساھابە ئەبۇ ئەييۇبنىڭ قەبرىسى ئىستانبۇلدىكى ئەييۇب سۇلتان جامىسىنىڭ يېنىدادۇر. ئەبۇ ئەييۇب ئىستانبۇلنى فەتھى قىلغىلى كەلگەندە ئۇ يەردە شېھىد بولغان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتتا قىز باللار ئۇنى تۆۋەندىكى ناخشا بىلەن قارشى ئالدى:


**ئاي تۇغۇلدى ئۈستىمىزگە**

ئاي تۇغۇلدى ئۈستىمىزگە،
ۋىدا چوقىسىدىن،
شۈكۈر لازىم ئەمدى بىزگە،
ئاللاھقا چاقىرغانلىقىدىن.

سەن قۇياشسەن، سەن ئايسەن،
نۇر ئۈستىگە نۇر سەن،
سەن سۈرەييا يۇلتۇزى سەن،
ئەي سۆيۈملۈك، ئەي رەسۇل،

ئەي! بىزگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى،
ئۇلۇغ چاقىرىق بىلەن كەلدىڭ،
بۇ شەھەرگە شەرەپ بەردىڭ،
ئەي سۆيۈملۈك، ئەي رەسۇل.





بەشىنچى باپ

# مەدىنە: بىر مەدەنىيەت شەھىرى

## بىر مەدەنىيەت بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ

مەدىنىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى يەسرىب ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرىمۇ بۇ يەرگە ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان ئىدى. بۇ يەردە يەھۇدىي ۋە ئەرەپ قەبىلىلىرى بىرگە ياشايتتى. خەلق ئارىسىدا ھەر خىل ئېتىقاد بار ئىدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بىرلىك يوق بولۇپ، ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان دۈشمەنلىك مەۋجۇد ئىدى.

### مەسجىد

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە تۇنجى ئىشنى مەسجىد سېلىشتىن باشلىدى. مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا پەقەت ئىبادەت قىلىدىغان يەرلا ئەمەس ئىدى. مەسجىدلەردە مۇسۇلمانلار ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرلىكە ئۆزئارا دەرتلىشىپ مۇڭدىشاتتى، يېتىم-يوقسۇللارغا غەمخورلۇق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتى راۋا قىلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسجىد تەلىم-تەربىيە ئورنى ئىدى. مۇسۇلمانلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى مەسجىدلەردە مۇزاكىرىلىشىپ، ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئىزدەيتتى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەن چاغدا تۆگىسى چۆككەن بوش يەرگە بىر مەسجىد بىنا قىلدۇردى. بىنا قىلىنغان بۇ مەسجىدنىڭ ئىسمى پەيغەمبەر مەسجىدىدۇر. (ھازىرقى ئىسمى: مەسجىدى نەبەۋى)

## ئەزان

مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، مەسجىد كىچىك كېلىشكە باشلىدى. ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىبادەتكە چاقىرىش ئۈچۈن ئورتاق بىر ئىشارەتكە ئېھتىياج بار ئىدى. خرىستىئانلار ئىبادەت ۋاقىتلىرىنى داڭ ئۇرۇپ، يەھۇدىيلار كاناي چېلىپ بىلدۈرەتتى. بۇ سەۋەپتىن داڭ ۋە كاناي چېلىنسا بولمايتتى. بايراق ئېسىش ۋە مەشئەل يېقىشمۇ ئۇيغۇن كۆرۈلمىدى.

زەيدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە ساھابىلەردىن بەزى كىشىلەرنىڭ كۆرگەن چۈشى بىلەن بۇ مەسىلە ھەل قىلىندى. ئۇلار چۈشىدە ئابدۇللاھقا ئەزان سۆزلىرىنىڭ ئۆگىتىلگەنلىكىنى بايان قىلدى. ھەممەيلەن كۆرگەن چۈشنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرنىڭ كۆرگەن چۈشنى تەستىقلىدى. ئوخشاش سۆزلەر پەيغەمبىرىمىزگىمۇ ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى بىلالغا ئەزان ئۆگىتىشنى ۋە ئەزاننى ھەزرىتى بىلالنىڭ ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ھەزرىتى بىلالنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە چىرايلىق ئىدى. ھەزرىتى بىلال ئەزان ئوقۇدى ۋە گۈزەل ئاۋازى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشقا چاقىردى.

## ئولتۇراق يېرى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغانلار ئۈچۈن مەدىنىدە يېڭى بىر ئولتۇراقلىشىش (ماكانلىشىش) پىلانى تۈزدى. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار قولىدىكى ئارتۇق يەرلەرنى ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارغا ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ھەدىيە قىلىنغان يەرلەرگە ھىجرەت قىلغان مەككىلىك مۇسۇلمانلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

**ئەزان**

**ئاللاھۇ ئەكبەر (4 قېتىم)، ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ (2 قېتىم)، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ (2 قېتىم)، ھەييە ئەلەس سەلاھ (2 قېتىم)، ھەييە ئەلەل فەلاھ (2 قېتىم)، ئاللاھۇ ئەكبەر (2 قېتىم)، لائىلاھە ئىللەللاھ (1 قېتىم)**

**تەرجىمىسى: ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. نامازغا كېلىڭلار، نىجاتلىققا ئېرىشىڭلار، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.**

**ر**

## قېرىنداشلىق

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئايرىلماس جان دوستلاردەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندىلا قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولاتتى. مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار «مۇھاجىرلار»، مەدىنىدە ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ياردەم قىلغانلار «ئەنسارلار» دەپ ئاتالدى. مۇھاجىرلار مەدىنىدە مۇساپىر بولۇپ، ھەممە نەرسىسى مەككىدە قالغان ئىدى. بەزىسى ئايالى، بالا-چاقىلىرىنى، بەزىلىرى مال-مۈلكىنى مەككىدە قويۇپ قويغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى قېرىنداش دەپ جاكارلىدى. ھەممە ئادەم ئۆزىگە بىردىن قېرىنداش تاللىدى. قېرىنداشلىرى ئېنىق بولغان ۋاقىتتا مۇھاجىرلار قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدى. ئەنسارلار قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلالىغانلىقى ئۈچۈن خۇشاللىقتا چۆمدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈچلۈك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

## بىرلىكتە ياشاش

مەككە مۇشرىكلىرى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىرلىك، باراۋەرلىكنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا قارىتامۇ بىرلىك، باراۋەرلىك بولۇشى لازىملىقىنى ھېس قىلدى.

مەدىنىنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن ئون مىڭ ئىدى. نوپۇسنىڭ بىر قىسمىنى يەھۇدىيلار ئىگەللەيتتى. مەدىنىدە يەھۇدىيلار بۈيۈك ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز بارلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مەدىنىدە تىنچلىق ۋە بىرلىك ئىچىدە ياشاش زۆرۈرلىكىنى ئېيتتى. ئۆزئارا كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ گۇرۇپپىلار بىلەن

### روزا تۇتۇش

روزا تۇتۇش ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل كېيىن مۇسۇلمانلارغا تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەن پەرز قىلىندى:

«ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى.» (بەقەرە سۈرىسى، 183 ـ ئايەت)

بىر كېلىشىم تۈزدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولىدىغان، ئەگەر بىر يەھۇدىي زىيانغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار ھەمدە يەھۇدىيلار ياردەم بېرىدىغان، بۇ كېلىشىم مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى.

كېلىشىمگە ئاساسەن، سىرتتىن كېلىدىغان بىر ھۇجۇمغا نىسبەتەن شەھەر بىرلىكتە مۇداپىئە قىلىنىدىغان بولدى.



**ھەدىس**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرى ھەدىس دېيىلىدۇ. ھەدىس مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قۇرئاندىن كېيىنكى ئىككىنچى مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

**ھەدىسلەردىن تاللانمىلار:**

«ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش؛ ناماز ئوقۇش؛ زakat بېرىش؛ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋە كۈچى يەتكەنلەر كەبىنى زىيارەت قىلىش»

«ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان كىشىدۇر.»

«ئاسانلاشتۇرۇڭلار! تەسلەشتۈرمەڭلار، خوشخەۋەر بېرىڭلار، ئىنسانلارنى دىندىن قاچۇرۇپ قويماڭلار»

«جەننەت ئانىلارنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدىدۇر.»

«پاكىزلىق ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر.»

«كىچىكلەرنى ياخشى كۆرمىگەن، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلمىغان بىزدىن ئەمەستۇر.»

ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقسا، مەسىلىنى پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ھەل قىلدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ كېلىشىم بىلەن بىر قىسىم كېلىشمەسلىكلەردە قازى (ھاكىم) بولدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، ھەممە ئادەم ئۆز دىنىدا ئەركىن ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى. بۇ كېلىشىم مەدىنىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنى توختاتتى. نەتىجىدە بۇ كېلىشىمدىن پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتكە ئېرىشتى.

## ھەممە ئادەم مەكتەپلىك بولدى

پەيغەمبەر مەسجىدى سېلىنىۋاتقان ۋاقىتتا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن مەسجىدنىڭ يېنىغا بىر ياتاقخانا قوشۇپ سېلىندى. بۇ يەرگە «ئەسھابى سۇپپە» ئىسمى بېرىلدى. بۇ يەر بىر مەكتەپ ۋە بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پەيغەمبىرىمىز ئىدى. مۇسۇلمانلار قۇرئانى كەرىمنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆگىنىپ، ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈردى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىتىشكە تەييارلىق قىلدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مەكتەپ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، مەدىنىدە ئوقۇ-ئوقۇتۇش سەپەرۋەرلىكىنىمۇ باشلىدى. ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەم بۇ سەپەرۋەرلىككە ئاۋاز قوشتى.

## رامىزان

رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىبادەت ئېيىدۇر. بۇ ئاينى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزۈش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدۇر. روزا تۇتۇش ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل كېيىن مۇسۇلمانلارغا تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن پەرز قىلىندى: **«ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى.»** (بەقەرە سۈرىسى، 183-ئايەت)

مۇسۇلمان-مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇنىڭغا زىيان سالمايدۇ، ئۇنى دۈشمىنىگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ. كىم بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بىر ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭ باشقا بىر ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. كىم بىر مۇسۇلماننى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزسا، ئاللاھ ئۇنى باشقا بىر قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزىدۇ. كىم بىر مۇسۇلماننىڭ بىر ئەيىپىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىپىنى ياپىدۇ. ئەڭ پەزىلەتلىك بولغىنىڭلار ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر.

دۇرۇستلۇقتىن ئايرىلماڭلار، چۈنكى دۇرۇستلۇق توغرىلىققا، توغرىلىق جەننەتكە ئاپىرىدۇ. يالغاندىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى يالغان يامانلىققا، يامانلىق دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ پەزىلەتلىك كىشى قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشىدۇر. قوشنىسى ئاچ ئىكەن، ئۆزى توق ياتقان كامىل مۇسۇلمان ئەمەستۇر.



پەيغەمبىرىمىز بۇ ئايغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ئىبادەت قىلاتتى، يېتىم-يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى ئىپتار داستىخانىغا چاقىراتتى.

قۇرئان بۇ ئايدا قەدىر كېچىسىدە نازىل بولدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئاينى ئىبادەت، ناماز ۋە دۇئا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

قول ئىلكىدە بار مۇسۇلمانلار پۇل-مېلىدىن مەلۇم مىقداردا يوقسۇللارغا زاكات بېرىدۇ. زاكات ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىدىن بىرىدۇر ۋە ھىجرەتتىن ئىككى يىل كېيىن پەرز قىلىنغان. زاكات «قۇرئان»دا كۆپ يەردە ناماز بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلىنغان. **«نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار!»** (بەقەرە سۈرىسى، 43-ئايەت)

«ئاللاھىم! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە گۈزەللىكلەر بەرگىن. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»

**(بەقەرە سۈرىسى، 201-ئايەت)**

«ئاللاھىم! مېنى، ئاتا-ئانامنى ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى ئەپۇ قىلغىن.»

**(ئىبراھىم سۈرىسى، 41-ئايەت)**

## دۈشمەنلىك داۋام قىلىۋاتىدۇ

مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىكى ھاياتى سەۋرى قىلىش بىلەن ئۆتتى. مۇشرىكلاردىن ھەر ۋاقىت زۇلۇم كۆردى. سۆيۈملۈك

پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارنى سەۋرى قىلىشنى، قاننى قان بىلەن يۇماسلىقنى تەلەپ قىلدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى مەككىدە ياشاشقا ئامالسىز قالدۇرۇپ، بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن بولمىغىدەك، زۇلۇملار قىلدى. ئەمما مەدىنىدە ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىدە بىخەتەرلىكنى ساقلاپ، دۆلەت قۇرۇپ، قوشنىلىرى بىلەن تىنچ ـ ئامانلىقتا ياشىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئىسلام دىنىنى گۈزەل ئۇسلۇبتا تەبلىغ قىلدى. ھەر قانداق ھىلە ۋە مەجبۇرلاش ئۇسلۇبىنى قوللانمىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇرۇش قىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئىنسانلارنى بىلىملىك بولۇشقا ۋە قۇرئان ئوقۇشقا چاقىردى. كۆڭلى خالىغان دىننى قوبۇل قىلىشتا ئىنسانلارنى ئىختىيارىغا قويدى.

مەككە مۇشرىكلىرى بۇ ئەھۋالدىن رازى ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن مەخپى يوسۇندا تەييارلىق قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ تىجارەت يولىنى كونتروللۇقىغا ئېلىشنى ئۇمىد قىلاتتى. چۈنكى تىجارەت كارۋىنىنىڭ مال بىلەن بىرگە قورال ئېلىپ، بۇ قوراللارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

## بۇرۇلۇش نۇقتىسى: بەدر ئۇرۇشى



مەككىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئېھتىمالىغا يېقىن ئىدى. بۇ سەۋەپتىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈنلىرى كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە ئۆتتى.

پەيغەمبىرىمىز تەييارلىقنى تۈگىتىپ، 305 ساھابى بىلەن بىرلىكتە بەدر دېگەن يەرگە كەلدى. مۇشرىكلارمۇ مىڭ كىشىلىك ئەسكەر بىلەن يولغا چىقتى.

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ھۆزەيپە كەلدى. قوشۇنغا قوشۇلۇش ئۈچۈن دادىسى بىلەن يولغا چىقىپ، يولدا مۇشرىكلارغا تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ۋە ئىسلام قوشۇنىغا

قېتىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسكەرگە ئېھتىياجى بار ئىدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئەسكەرگە ئېھتىياجى بولسىمۇ، ھۇزەيپەنى مۇشرىكلارغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشماسلىققا ۋە مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرىدى.

پەيغەمبىرىمىز يىراقتىن كېلىۋاتقان كۆچلۈك مۇشرىك قوشۇنىنى كۆرۈپ: «ئاللاھىم! قۇرەيش كىبىر بىلەن كېلىۋاتىدۇ، ساڭا قارشى چىقىۋاتىدۇ، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى يالغانچى دەۋاتىدۇ. ئاللاھىم! بىزگە ياردەم قىلغىن! ئەگەر ئازغىنا بۇ مۇسۇلمانلار ھالاك بولىدىغان بولسا، بۇندىن كېيىن يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچ كىم قالمايدۇ.» دەپ يالۋۇردى.

پەيغەمبىرىمىز بەدىردە ئىسلام قوشۇنىنى تەرتىپكە سالدى. تۇرۇۋاتقان يېرى قۇملۇق ئىدى. بۇنى كۆرگەن ساھابىلاردىن خۇبابە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- بۇ يەردە تۇرۇشنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تاللىدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆز قارارى بويىچە تاللىغانلىقىنى ئېيتقاندا، خۇبابە:

- ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! جەڭ ئۈچۈن بۇ يەر ئۇيغۇن ئەمەس. رۇخسەت قىلساڭ، ئاۋۇ يەردىكى بەدىر قۇدۇقىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئورۇنلىشايلى. ئەتراپتىكى باشقا قۇدۇقلارنى كۆمۈۋېتەيلى. - دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. قوشۇن تېزلىكتە بەدىر قۇدۇقىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۆزئارا مەسلىھەتتىن كېيىن، ئەسھابنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈردى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن تەييارلىقلارنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىدى. ھەزرىتى

بەدىردە قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغانلار ئون مۇسۇلمان بالىغا ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگەتسە، قويۇۋېتىلىدۇ» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ھەم ئەسىرلەر ئەركىنلىككە چىقاتتى ھەمدە بالىلار ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگەنگەن بولاتتى.

مۇسۇلمانلار بەدىر غەلىبىسى بىلەن ئاۋازىنى پۈتۈن ئەرەبىستانغا ئاڭلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىش دەۋرى باشلاندى.

ئۆمەرنى دۈشمەن تەرەپكە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئۇرۇشتىن ۋازكېچىش تەكلىپىنى بەردى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى ئاجىز كۆرۈپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى يوقۇتۇشنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇرۇشتىن ھەرگىز ۋازكەچمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.
ئۇرۇش باشلاندى ۋە تەخمىنەن تۆت ـ بەش سائەتتىن كېيىن ئاخىرلاشتى. مۇشرىكلار قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. مۇسۇلمانلاردىن تۆت كىشى شېھىد بولدى. مۇشرىكلاردىن ئەبۇ جەھىل بىلەن بىرلىكتە 70 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. جانابى ئاللاھ ياردەم ئەۋەتىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلدى.

## ئاچچىق ـ ساۋاق: ئۇھۇد

بەدىر ئۇرۇشىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يىغىن ئېچىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەمزە سۆز قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ مەدىنە سىرتىدا بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. بەزى ياشلار ھەمزىنىڭ پىكرىنى قوللىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئىچىدە ئۇرۇشۇشنى خالايدىغانلار كۆپ سانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشرىكلارنى مەدىنە سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇش قارار قىلىندى.
بۇ ۋاقىتتا مەدىنىگە تولۇق قۇراللانغان ئۈچ مىڭ كىشىلىك مەككە قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. مۇشرىكلار بەدىردىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا كەلگەن ئىدى.
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە دوستلىرى جۈمە نامىزىدىن كېيىن يولغا چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەن بامدات ۋاقتىدا ئۇھۇد تېغىغا يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار مىڭ كىشى ئىدى. ئەمما يولدا ئۈچ يۈز كىشى ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ ئايرىلدى. بۇ ئايرىلغانلار كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە

ئۇھۇد ئۇرۇشى جەريانىدا مۇشرىك قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەبۇ سۇفيان ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئەنسارلارغا مۇنداق دېدى: «ئەي مەدىنىلىكلەر! بىزنىڭ سىلەر بىلەن ئىشىمىز يوق، مۇھەممەد بىلەن ئىشىمىز بار. سىلەر مەدىنىلىقلەر بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار.» دېدى. ئەنسارلار بۇ تەكلىپنى غەزەپ بىلەن رەد قىلدى.

دىنغا ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقلار ئىدى. بۇ مۇناپىقلارنىڭ مەقستى مۇسۇلمانلارنى قورقۇتۇش ۋە ئۇمىدسىزلەندۈرۈش ئىدى.

تارىخ مىلادىي 625-يىلىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇھۇد دەپ ئاتالغان ۋە مەدىنىگە يېقىن بىر يەردە ئىككى قوشۇن سەپ تۈزدى. مۇشرىكلارنىڭ مەدىنىگە يېقىنلاپ كېلىشىدىكى مەقستى، مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، مەدىنىگە كىرىپ مەدىنىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋالغا قارىتا تەدبىرىنى ئېلىپ، ئەڭ كىچىك خەتەرگە قارشى چارە ئويلاپ قويدى. ئەڭ ئۇستا ئوقيا ئاتقۇچىلارنى تاللاپ، سول تەرەپتىكى ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇردى. قوماندانلىقىقا جۇبەير ئوغلى ئابدۇللاھنى تەيىنلىدى ۋە:

- سىلەر ئوقلىرىڭلار بىلەن بىزنى ئاتلىق مۇشرىكلاردىن قوغداڭلار، ئۇلارنىڭ ئارقىمىزدىن كېلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويماڭلار. جەڭدە يەڭسەك ياكى يېڭىلسەكمۇ ئورنىڭلاردىن ئايرىلماڭلار. ئۆلتۈرۈلگەنلىكىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ بىزگە ياردەمگە كەلمەي، تۇرغان يېرىڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار. - دېدى.

ئۇرۇش باشلاندى. بىر نەچچە سائەت ئىچىدە مۇشرىكلار يېڭىلىشكە باشلىدى. ئەمما بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى. مۇسۇلمانلار مۇشرىك ئىككى قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇرغان ئوقياچىلار مۇسۇلمانلار جەڭدە غەلبە قىلدى دەپ، يەرلىرىدىن ئايرىلغان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىقنىڭ زىيىنى ئېغىر بولدى. بۇ جەڭدە ھەزرىتى ھەمزە بىلەن بىرلىكتە يەتمىشكە يېقىن مۇسۇلمان شېھىد قىلىندى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ كالپۇكى يېرىلىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇھۇد تېغىغا چېقىۋالغاندىن كېيىن قورشاۋدىن قۇتۇلدى. مۇشرىكلار

پەيغەمبىرىمىز ئۇھۇد جېڭىدا يارىلانغان چاغدا، يېنىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن مۇشرىكلارغا بەددۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز: «مەن ھەر قانداق بىر ئىنسانغا بەددۇئا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىدىم، مەن ئىنسانلارنى توغرا يولغا چاقىرىش ئۈچۈن رەھمەت ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتىلدىم.» دېدى. ۋە «ئاللاھ ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتسۇن! ئۇلار ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.» دېدى.

مەدىنىگە كىرمەي، بەدىر مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدۇق دەپ مەككىگە قايتتى.

مۇسۇلمانلار پاناھلانغان يەردىن ئۇرۇش مەيدانىغا كەلگەندە شېھىد بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ مۇشرىكلار تەرىپىدىن پارچىلانغانلىقىنى كۆردى. مۇسۇلمانلار شېھىدلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئۇرۇش مەيدانىغا دەپنە قىلىپ، قايغۇدىن يۈرەكلىرى پارە-پارە بولغان ھالدا مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالمىغان ئوقياچىلارنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى، مۇسۇلمانلار قولغا كىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر غەلبىدىن مەھرۇم قالدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئۇرۇشتا قۇماندانغا ئىتائەت قىلمىغانلىقنىڭ ئېغىر بەدىلىنى تۆلىدى.

## ھەرخىل سۇيىقەستلەر

مەدىنە كوچىلىرى ئۇھۇد مەغلۇبىيىتىنىڭ كۆز يېشى بىلەن تولدى. مۇسۇلمانلار ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئېغىر زىيان تارتتى. ئەمما پەيغەمبىرى يېنىدا ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. بىر تەرەپتىن ھايات داۋام قىلماقتا ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا مەدىنىگە بىرسى كەلدى ۋە پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆز قەبىلىسىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىدىغان دەۋەتچىلەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن ئەۋەتىلگەن تەبلىغچىلەرنى قوغداش لازىملىقى ھەققىدە ۋەدە ئالدى. ئۇ ئادەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز سۇپپە مەكتىۋىدىن ياخشى يېتىشكەن يەتمىش كىشىنى ئەۋەتتى.

بۇ يەتمىش كىشى بىرى مائۇنە دېگەن يەردە يۇشۇرۇنۇپ ياتقان كىشىلەر تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئۆزىنى قوغداش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي شېھىد بولدى.

*****

رەجى دېگەن يەردىمۇ مۇسۇلمانلارغا سۇيىقەست قىلىنىپ، سەككىز مۇسۇلمان شېھىد بولدى. بۇ يەردە زەيد ۋە خۇبەيب ئەسىرگە چۈشتى. ئەسىر ئالغۇچىلار بۇ ئىككى كىشىنى مەككە مۇشرىكلىرىغا ساتتى. مۇشرىكلار خۇبەيبنى شېھىد قىلدى. زەيدنى شېھىد قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭدىن:

- ھازىر مۇھەممەدنىڭ سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇشنى خالامسەن؟ - دەپ سورىدى. زەيد ئۇلارغا:

- قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭ بۇ يەردە بولۇشنى خالاش تۇگۇل، پۇتىغا بىر تىكەننىڭ كىرىپ كېتىشىگىمۇ چىدىمايمەن. - دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ساداقەتنى كۆرگەن مۇشرىكلار ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ:

- دوستلىرى مۇھەممەدنى نېمىشقا بۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟ بىز بۇ خىل سۆيگۈنى كۆرمىگەنىدۇق. - دېيىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى.

## مۇشكۇل ئىمتاھان: خەندەك

ئۇھۇد ئۇرۇشى يۈز بەرگەنلىكىگە ئىككى يىل بولدى. مەككە مۇشرىكلىرى يەنىلا قۇتراۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلارنىڭ مەككىدىن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىققانلىق خەۋىرى كەلدى. پەيغەمبىرىمىز تېزلىكتە دوستلىرىنى مەسجىدكە يىغدى. ئۇرۇش ھەققىدە نېمە قىلىش لازىملىقىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەسلى ئىرانلىق بولغان سالمان:

- ئىراندا بۇ خىل خەتەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قازىمىز. بۇ يەردىمۇ خەندەك قازساق. - دېدى. بۇ پىكىرگە كۆپچىلىك قوشۇلدى.

مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىش كېرەك ئىدى. ئىشقا تېزلىكتە تۇتۇش قىلىندى. ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا خەندەكلەر قېزىلىپ بولۇشى كېرەكتى. مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئىشنى باشلاپ، ئاخشامغىچە دەم ئالماي

### خەندەك قېزىش

جابىر مۇنداق دەيدۇ: «خەندەك قېزىۋاتقان ۋاقىتتا قاتتىق بىر نەرسىگە يولۇقتۇق ۋە بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇقتۇردۇق. پەيغەمبىرىمىز بازغاننى ئېلىپ خەندەككە چۈشتى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۈچ كۈندىن بېرى بىر نەرسە يېمىگەن ئىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ يەرگە بازغاننى قاتتىق ئۇرۇشى بىلەن قاتتىق خادا تاش قۇمدەك چېچىلىپ كەتتى.

ئىشلىدى. سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە خەندەك قېزىپ، دوستلىرىغا مەدەت بەردى.

قېزىلغان خەندەكلەر دۈشمەنلىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى توسالايدىغان كەڭلىكتە ئىدى. ئىچىگە بىر ئات چۈشۈپ كەتسە چىقالمايدىغان دەرىجىدە چوڭقۇرلۇقتا قېزىلدى. مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بۇ خەندەكلەردە كېچە ـ كۈندۈز پوستتا تۇرۇپ، نۆۋەتچىلىك قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۈچ مىڭ كىشىنى شەھەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. قوشۇننى ئۇرۇش ھالىتىگە كەلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلارمۇ كەلدى. مۇشرىكلار مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەبلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مۇشرىكلار خەندەكنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. چۈنكى ھازىرغىچە بۇنداق بىر نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئۇرۇش باشلاندى. ئۇرۇش بەزى ۋاقىتلاردا ئەۋجىگە چىقتى، بەزى ۋاقىتلاردا پەسلەپ قالدى. مۇشرىكلار بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول مەككىگە قايتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. مۇسۇلمانلار يەنە بىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

### خەندەك ئۇرۇشى

خەندەك ئۇرۇشى قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئويۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى.» (ئەھزاب سۈرىسى، 9 ـ 11 ـ ئايەت)



## ئالتىنچى باپ

# يۇرتىغا قايتىش

## ھۇدەيبىيە كېلىشىمى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇ كۈنى ناھايىتى خۇشال ئىدى. بۇ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى دوستلىرىغا ئېيتىپ: «ئەتە مەككە ۋە كەبىنى زىيارەت قىلغىلى بارىمىز» دېدى. بۇ خەۋەر مۇھاجىرلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. چۈنكى ئۇلارغا مەككىدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت مەككىنى سېغىناتتى. مەككە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ يەرلەرنى كۆرۈپ، جۇدالىق ھەسرىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

پەيغەمبىرىمىز مىڭ بەش يۈز ساھابە بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى. يولدا ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلدى.

مۇسۇلمانلار مەككىگە يېقىن ھۇدەيبىيەدە چېدىر تىكتى. پەيغەمبىرىمىز مەككىگە ھەزرىتى ئوسماننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئوسماننى مەككىگە ئۇرۇش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى، رۇخسەت قىلسا كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىشنى تاپىلىدى. ھەزرىتى ئوسمان مەككىگە باردى. ئەمما قايتىپ كېلىشى كېچىكتى. ئەتراپقا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقالدى.

مۇسۇلمانلار ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كەلمىگەن ئىدى. ئەمما ئۇرۇش قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز دوستلىرىنى يىغدى. دوستلىرى پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆلگىچە ئۇرۇش قىلىشقا ۋەدە بەردى.

«ئاللاھ مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى. (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»
(فەتھ سۈرىسى، 18 ـ 19 ـ ئايەت)

بىر مۇددەتتىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ ساق-سالامەت ئىكەنلىك خەۋىرى كەلدى. ھەزرىتى ئوسمان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە كەلدى.

مەككىلىك ۋەكىللەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە كىرىشكە يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلار بىلەن بىر كېلىشىم تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كېلىشىم تۈزۈشكە قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. چۈنكى ئۇلار مەككىگە شۇنداق يېقىن كېلىپ تۇرۇپمۇ بۇ يەرگە كىرەلمىگەن ئىدى.

كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار بۇ يىل مەككىگە كىرەلمەيتتى. ئەمما كېلەر يىلى كەبىنى تاۋاپ قىلالايتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق يېرىم قىلغان يەنە بىر ئەھۋال، كېلىشىمدا دېيىلگەن قۇرەيشتىن بىر كىشى مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ئىلتىجا قىلسا قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى، بۇنىڭ ئەكسىچە مەككىگە ئىلتىجا قىلغان ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قايتۇرۇپ بېرىلمەيدىغانلىقى ئىدى. بۇ ماددا مۇسۇلمانلارغا بەك ئېغىر كەلدى. ئەتراپ ئېغىر سۈكۈناتقا چۆكتى.

بۇ ۋاقىتتا بويىنى ۋە پۇتىغا زەنجىر سېلىنغان بىر ئادەم ماغدۇرسىز ھالەتتە يانلىرىغا كەلدى. قان-تەرگە چۆمۈلگەن بۇ ئادەم ئەبۇ جەندەل ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن دادىسى سۇھەيل ئۇنى ئۆيىگە سولاپ قويۇپ، پۇت-قوللىرىغا زەنجىر-كىشەن سالغان ئىدى. ئەبۇ جەندەل بىر ئامال قىلىپ مەدىنىگە قېچىپ كەلدى. دادىسى سۇھەيل ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى. ئوغلىغا يېقىنلىشىپ، بويىنىدىكى زەنجىردىن تۇتۇپ، يۈزىگە قاتتىق بىر كاچات ئۇردى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە قاراپ:

- ئوغلۇم كېلىشتىن ئىلگىرى كېلىشىم تۈزۈلگەن. - دېدى.

پەيغەمبىرىمىز گەپ قىلماي كېلىشىم تۈزۈلگەنلىكىنى تەستىقلىدى. سۇھەيل:

ـ ئۇنداق بولسا ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن. ـ دېدى.

بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ جەندەل:

ـ ئەي مۇسۇلمانلار! سىلەر زۇلۇم قىلسۇن، دىنىمدىن ياندۇرسۇن دەپ، مېنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرەمسىلەر؟ ـ دەپ پەرياد قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەبۇ جەندەلنىڭ دادىسىنى بىر تەرەپكە چاقىرىپ، ئوغلىنى قويۇپ بېرىشنى ئېيتتى. ئەمما ئەبۇ جەندەلنىڭ دادىسى بۇنى قوبۇل قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەبۇ جەندەلگە قاراپ:

ـ ئەي ئەبۇ جەندەل! شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا بىر چىقىش يولى بېرىدۇ. بىز بۇ ئىنسانلار بىلەن كېلىشىم تۈزدۇق ۋە ئۇلارغا ۋەدە بەردۇق، ئۇلارمۇ بىزگە ۋەدە بەردى. بۇ ئەھۋالدا ۋەدىمىزدىن يانساق بولمايدۇ. ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلىش بىزگە ياراشمايدۇ. ـ دېدى. ئاخىرىدا ئەبۇ جەندەلنى قايتۇرۇپ بەردى.


بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئازابلىدى. مۇسۇلمانلار مەككىگىمۇ كىرەلمىدى. ئەمما تۈزۈلگەن بۇ كېلىشىم ئارقىلىق مۇشرىكلار ئۇلارنى رەسمىي تونىدى.

## نىشان: پۈتۈن دۇنيا

«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق.» (ئەنبىيا سۈرىسى، 107 ـ ئايەت)

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك مەيدانغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ پۇرسەتتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلاندى. بۇ جەرياندا ۋىزانتىيە، ھەبەشىستان، ئىران ۋە باشقا يەرلەرگە ئەلچىلەر ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتىپ، دۆلەت رەئىسلىرىنى ئىسلامغا چاقىردى. مەقسەت ئىسلامنىڭ چاقىرىقىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈش ئىدى.

ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) ئىمپېراتورى ھېراكلىيۇس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى ئېلىپ كەلگەن مەكتۇبنى ئېچىپ ئوقۇدى:



«بىسمىللاھىر راھمانىر راھىم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ھېراكلىيۇسقا (ئەرەبچە: ھىرەقلىگە)! ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەرگە سالام بولسۇن! سېنى ئىسلامغا چاقىرىمەن. ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، نىجاتلىققا ئېرىشكەيسەن ۋە ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ، خەلقىڭنىڭ گۇناھىغا سەن مەسئۇل بولىسەن. **«ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئورتاق بولغان سۆزگە كېلەيلى! پەقەت ئاللاھقىلا قۇللۇق قىلايلى، ئۇنىڭغا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيلى. ئاللاھنى تاشلاپ، بىر-بىرىمىزنى ئىلاھلاشتۇرمايلى. ئەگەر يۈز ئۆرىسە شاھىد بولۇڭلار. بىز مۇسۇلمان دەڭلار.»** ھېراكلىيۇس مەكتۇبتىن ئوقۇغانلىرى ۋە ئەتراپتىن ئاڭلىغان خەۋەرلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. بۇ ھەقتە مەسلەھەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. مەقسىتى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئىدى. ئەمما مەسلەھەتچىلىرىنىڭ قارشى چىقىشىغا قاراپ، ئىسلامى قوبۇل قىلىشتىن ۋاز كەچتى. ئەلچىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ھەدىيەلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

## مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ئىمزالانغىلى ئىككى يىل بولدى. مۇشرىكلار كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى ۋە كېلىشىمنى بۇزدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، پەيغەمبىرىمىز 10 مىڭ كىشىلىك بىر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنىنىڭ بېشىدا مەككىنى فەتھى قىلىشقا كېتىۋاتقاندا، يولدا كۈچۈكىنى ئېمىتىۋاتقان بىر چىشى ئىت كۆردى. دوستلىرىدىن بىرسىنى ئىتنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ھەر قانداق كىشىنىڭ چېقىلماسلىقىنى بۇيرىدى.

قۇشۇن تەييارلاپ، مەككىگە قاراپ مەخپى يولغا چىقتى. مەقستى ئۇرۇش قىلماي ۋە قان تۆكمەي مەككىنى فەتھى قىلىش ئىدى. نەتىجىدە پەيغەمبىرىمىز مەقسىدىگە يەتتى، مەككە تىنچلىق بىلەن فەتھى قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 53 يىل ياشىغان، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن ئانا يۇرتى مەككىنى فەتھى قىلدى. بۇ بۈيۈك غەلبە ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە غەلبە قىلغان بىر قۇشۇن قوماندانىنىڭ مەغرۇر قىياپىتى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە بېشىنى مىننەت ۋە شۈكۈر بىلەن ئىگىپ كەمتەرلىك بىلەن كىردى.

ناماز پىشىنىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ھەزرىتى بىلال كەبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، چىرايلىق ئاۋازى بىلەن ئەزان ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا ئىماملىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىغىلغان خەلققە قاراپ:

- نېمە دەيسىلەر؟ ھازىر مېنى سىلەرگە نېمە قىلار دەپ ئويلاۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئىلگىرى ئۆزى ۋە ساھابىلىرىغا زۇلۇم قىلىپ، ھازىر چارىسىز قالغانلار:

- سەندىن ياخشىلىق كۈتىمىز، سەن ئىسىل قېرىنداش ۋە پەزىلەتلىك بىر كىشىنىڭ ئوغلى سەن. - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ:

- مەن سىلەرگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە يامانلىق قىلغان قېرىنداشلىرىنى كەچۈرگەندە دېگىنىنى دەيمەن. بۈگۈن سىلەردىن خاپا بولمايمەن. ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلسۇن، ئۇ مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇر. -دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلانى چىقاردى. ھەممە ئادەمنى كەچۈردى. كېيىن كەبىنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى بۇتلارنى چېقىپ تاشلىدى. مۇسۇلمانلار بىر نەچچە كۈن مەككىدە قالدى. بۇنىڭ بىلەن يىللاردىن بېرى سېغىنغان مەككىنىڭ ۋىسالىغا يەتتى.

پەيغەمبىرىمىز ھۇنەين ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى تارقاتتى. مۇسۇلمان بولمىغان قۇرەيشنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىگە مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ غەنىمەت بەردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى ئىسلامغا مايىل قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بەزى ئەنسارلار: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۆز قەبىلىسىگە قايتتى. جەڭدە ئۇنىڭ دوستلىرى بىز ئىدۇق، ئەمما جەڭ غەنىمەتلىرىنى تەقسىم قىلغان ۋاقتىتا، ئۆز قەۋمى ۋە قەبىلىسى ئۇنىڭ دوستلىرى بولدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىمۇ ئويلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەنسارلارنى يىغىپ: «ئەي ئەنسارلار! ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن بەرگەن دۇنيالىق نەرسىلەرنىڭ سىلەر ئۈچۈن بىر قىممىتى بارمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىگە دۇنيا مېلىنى ئېلىپ كەتسە، سىلەر ئاللاھ رەسۇلىنى ئالسىلەر. پۈتۈن ئىنسانلار بىر تەرەپكە، ئەنسارلار بىر تەرەپكە ئايرىلسا، مەن ئەنسارلار تەرەپتە تۇرىمەن» دېدى. ئەنسارلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قىلغان سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلىپ يىغلىدى ۋە «بىزنىڭ ھەققىمىزگە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ بېرىلىشىگە رازى بولىمىز» دېدى.



يەتتىنچى باپ

# ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يىغلىدى

## ۋىدا ھەججى ۋە ۋىدا خۇتبىسى

مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھەج پەرز قىلىندى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلىش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 632-يىلى 22-فېۋرال كۈنى مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەككىگە كېلىپ ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلدى.

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى بىلەن ئىسلام دىنى تېزلىكتە تارقىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 632-يىلى 6-مارتتا ئەرەپاتتا بىر نۇتۇق سۆزلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىنسان توپلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتقىدا ئاللاھنىڭ بىرلىكى، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئاتىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكى، بۇ سەۋەپتىن ھەممە ئادەمنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئاياللار ھوقۇقى ئۈستىدە توختالدى. جەمئىيەتتە تىنچلىقنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا نېمە قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدا

**ۋىدا خۇتبىسىدىن پارچىلار**

**ئۆزىگە بىر نەرسە ئامانەت قويۇلغان ئادەم ئامانەتنى ئىگىسىگە بېرىشى كېرەك.**

**جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قان داۋاسى بىكار قىلىندۇ.**

**ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەققى بولغىنىدەك، ئەرلەرنىڭمۇ ئاياللىرى ئۈستىدە ھەققى باردۇر.**

**ئاللاھقا ئىشەنگەنلەر قېرىنداشتۇر. بىر كىشى قېرىندىشىنىڭ مېلىنى رۇخسەتسىز ئىشلەتسە ھالال بولمايدۇ (رۇخسەت ئېلىشى كېرەك)**

خۇتبىسى بىلەن ئىسلام قائىدە-نىزاملىرىنى ئەڭ ئاخىر يەنە بىر قېتىم ئىنسانلارغا يەتكۈزدى.

## ۋىدالىشىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجدىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى. ئۇ 63 ياشقا كىرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ياخشىلىق، توغرىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتلەرنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەردىن ھارغان ئىدى. ئۇ كۈنلەردە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك،



«ئەي ئىنسانلار! رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىردۇر. ھەممىڭلارنىڭ ئاتىسى ئادەمدۇر. ئادەم بولسا توپراقتىن يارىتىلغاندۇر.»

«ئاللاھ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىنسان، ئۇنىڭدىن قورقۇپ ھايا قىلغان ئىنساندۇر. بىرىڭلارنىڭ باشقا بىرىسىدىن ئۈستۈنلىكى يوقتۇر. ئۈستۈنلۈك تەقۋالىقتا، تەقۋالىق بولسا ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشتەدۇر.»

ئۆلۈمدىن ۋە بىر كۈنى دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىدىن سۆز قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالدى ۋە مەسجىدكە بارالمىدى. نامازغا ئىماملىق قىلىش ئۈچۈن ئەبۇبەكرنى ئەۋەتتى. مىلادىنىڭ 638 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇن دۈشەنبە كۈنى كېسىلى ئېغىرلاشتى. ئۇ ئۆز قولىنى كۆتۈرۈپ، ئىشارەت بارمىقىنى بىر نوقتىغا قارىتىپ تۇرۇپ: «ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم بىلەن بىللە...ئى ئاللاھ! جەننەتتە كۆرۈشۈش ئۈمىدى بىلەن!..» دېدى ۋە قوللىرى يېنىغا چۈشتى. يۈزىدە تاتلىق بىر تەبەسسۇم بار ئىدى.

**قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايىتى**

**«سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلمەيدۇ، يامان ئەمەلىمۇ كېمەيتىلمەيدۇ.)»**

(بەقەرە سۈرىسى، **281** ـ ئايەت)

## ئايرىلىش: ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يىغلىدى

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ مەسجىدكە كەلدى. ھەممە ئادەم كۆز يېشى تۆكۈۋاتاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۈن ـ تىنسىز ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوجرىسىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىكى يوپۇقنى ئېچىپ، يىغلاپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە:

ـ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئاتا ـ ئانام ساڭ پىدا بولسۇن! سېنىڭ ھاياتىڭمۇ گۈزەل، ۋاپاتىڭمۇ نېمە دېگەن گۈزەل! ـ دېدى. سىرتقا چىقىپ بۇ يەردە يىغلىپ تۇرغان كىشىلەرگە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 114 ـ ئايىتىنى ئوقۇدى:

**«مۇھەممەد پەقەت بىر ئەلچىدۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن ئەلچىلەر كېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە**

**يېنىۋالامسىلەر؟ كىم يېنىۋالسا، ئاللاھقا بىر زىيان يەتمەيدۇ. ئەمما ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.»**

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇ سۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تىترىقاپ قالغان مۇسۇلمانلارغا ياخشى چۈشەندۈرۈش بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دادىسى دەپنە قىلىنغان شەھەر مەدىنىگە دەپنە قىلىندى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇلۇغ دوستىنىڭ، يەنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. بىز مۇسۇلمانلارغا ئىككى نەرسىنى مىراس قالدۇردى. ئۇلار: ئاللاھنىڭ كىتابى «قۇرئانى كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ھاياتىدۇر. بۇ ئىككى مىراسقا ۋارىسلىق قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە خوشخەۋەر بەردى.



# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر

570 ـ يىلى ئەبرەھەنىڭ قوشۇنلىرى پىللار بىلەن كەبىنى يىقىتقا كەلدى.

570 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ۋاپات بولدى.

571 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلدى.

571 ـ 576 ـ يىللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئانىسى ھەلىمەنىڭ تەربىيەسىگە بېرىلدى.

577 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئانىسى ۋاپات بولدى.

579 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋاپات بولدى.

591 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز پەزىلەتلىكلەر جەمىيىتىگە ئەزا بولدى.

596 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز خەدىچە بىلەن ئۆيلەندى.

597 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇنجى ئوغلى دۇنياغا كەلدى.

610 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا ھىرا غارىدا تۇنجى ۋەھيى كەلدى.

615 ـ 616 ـ يىللىرى مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى.

617 ـ 620 ـ يىللىرى مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى چەكلىدى.

620 ـ يىلى ئىسرا ۋە مىراج مۆجىزىسى مەيدانغا كەلدى.

620 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد بىلەن بىرلىكتە تائىفقا باردى.

621 ـ يىلى بىرىنچى ئەقەبە كېلىشىمى تۈزۈلدى.

622 ـ يىلى ئىككىنچى ئەقەبە كېلىشىمى تۈزۈلدى.

622 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

622-624- يىللىرى مەدىنىدە مەسجىد ۋە مەكتەپ سېلىندى، تۇنجى ئەزان ئوقۇلدى. ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىلدى ۋە مەدىنە كېلىشىمى ئىمزالاندى.

624- يىلى بەدىر ئۇرۇشى يۈز بەردى.

625- يىلى ئۇھۇد ئۇرۇشى يۈز بەردى.

626- يىلى بىرى مائۇنە ۋە رەجى ۋەقەلىرى يۈز بەردى.

626-627- يىللىرى خەندەك ئۇرۇشى يۈز بەردى.

628- يىلى ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

630- يىلى مەككە فەتھى قىلىندى.

630- يىلى ھۇنەين ئۇرۇشى يۈز بەردى.

632- يىلى 8-ئىيۇندا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى.

